نىجات سوپى

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇقۇشلار ھەققىدە تەتقىقات



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

www.altunyaruk.com



ئاپتور نىجات سوپى، ئۇيغۇر، 1968-يىلى 9-ئاينىڭ 19-كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تېكەس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1990-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تېكەس ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. 1993-يىلى 3-ئايدا ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 2001-يىلىدىن 2004-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق كەسپى ئىستىلىستىكا تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

2006-يىلى دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2007-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى كەسپى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. 2008-يىلى ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان.

ئاپتور 1983-يىلىدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2003-يىلى ئۇنىڭ «سۆيگۈ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «تىل ۋە تەرجىمە» قاتارلىق ھەر خىل مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

نىجات سوپى

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە تەتقىقات

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.altunyaruk.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

www.altunyaruk.com



# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

1- باب. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتى

§1 ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي جەريانى.............. 1

2. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى.............. 4

3. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر... 16

§2 ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇخشىتىشلارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى.................. 25

1. ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى ئۇخشىتىشلار.............. 27

2. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئۇخشىتىشلار................................ 34

3. نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى ئۇخشىتىشلار................................ 40

4. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ئۇخشىتىشلار ........................47

5. مەمتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىكى ئۇخشىتىشلار ........................ 50

6. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى ئۇخشىتىشلار ...................... 59

§3 ئۇيغۇر تىلى ئۇخشىتىش نەزەرىيىسى

1. ئۇخشىتىش ۋە ئۇنىڭ ئامىللىرى ................................ 72

2. ئۇخشىتىشنىڭ ئاساسلىرى ..................................... 76

3. ئۇخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسى ....................................... 86

4. ئۇخشىتىشنىڭ تۈرلىرى ........................................ 96

5. ئۇخشىتىشنىڭ رولى ........................................ 127

6. ئۇخشىتىشنىڭ بىر قىسىم باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتى.......................................... 140

7. ئۇخشىتىشنى قوللىنىشتا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ........................ 150

8. ئۇخشىتىشنى پەرقلەندۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.................. 154

2. باب. ئۇخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئومۇمىي ئەھۋالى

§1 چەت ئەللەردىكى ئۇخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى
1. ئىنگلىز تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي جەريانى ........... 158
2. ئىنگلىز تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ........... 164
3. ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىدىكى ئۇخشىتىش تەتقىقاتى ........... 172
§2 خەنزۇ تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى
1. خەنزۇ تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي جەريانى ........... 176
2. خەنزۇ تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ........... 187
پايدىلانمىلار ........................................ 199

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


# كىرىش سۆز

ئوخشىتىش بىر شەيئىنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنە بىر شەيئىنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىچىدىكى ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر شەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىدا كەڭ قوللىنىلماقتا. مەيلى قەدىمدە ياكى ھازىر بولسۇن، مەيلى ئېغىز ئەدەبىياتىدا ياكى يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن، مەيلى يازما ياكى ئاغزاكى نۇتۇقتا بولسۇن ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلمەكتە. كىشىلەر كۈندىلىك ئالاقىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز نۇتقىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. شائىر، يازغۇچىلار يېڭى ـ يېڭى ئوخشىتىش شەكىللىرى ئارقىلىق، ئۆز ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ بېزەپ، ياساندۇرۇپ، گۈزەل تۈسكە كىرگۈزىدۇ.

ئوخشىتىش تەتقىقاتى ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ناھايىتى بۇرۇنلا قولغا ئېلىنغان ھەم بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىلگەن.

ئوخشىتىش تەتقىقاتى ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىدىن باشلانغان بولۇپ، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، بولۇپمۇ ياۋروپادا ئىستىلىستىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە چوقۇم ئۆتۈلىدىغان ئۈچ مۇھىم پەن (گراماتىكا، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكا) نىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى بىلەن يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن . بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە غەرب دۇنياسىدا، جۈملىدىن ئىنگلىز تىلى قاتارلىق دۇنياۋى تىللاردا ئوخشىتىش ـ

مىتافورا تەتقىقاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ نۇقتىلارغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

خەنزۇ تىلى ئوخشىتىش تەتقىقاتىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە باشلانغان بولۇپ، ئۇ ئىستىلىستىكىدىكى مەخسۇس بىر تۈر سۈپىتىدە ئالاھىدە تەھلىل قىلىنىپ كەلگەن. ھازىرقى زامانغا كەلگەندە چېن ۋاڭداۋ ئەپەندى قاتارلىق تىلشۇناسلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئوخشىتىش تەتقىقاتى تېخىمۇ سىستېمىلاشتى. بۈگۈنكى دەۋردە غەربنىڭ ئىستىلىستىكا نەزەرىيىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى نەتىجىسىدە خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسى، جۈملىدىن ئوخشىتىش تەتقىقاتى تېخىمۇ زامانىۋى ۋە دۇنياۋى تۈس ئالدى. ئوخشىتىش — مىتافورانى مەخسۇس تېما قىلغان تەتقىقاتلار ئىشلەندى، چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلدى.

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، يازما يادىكارلىقلار ۋە خەلقنىڭ ئادەتتىكى نۇتقىدا ئوخشىتىشلار كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن، تىلشۇناسلىق، جۈملىدىن ئىستىلىستىكا ھەققىدىكى ئەسەرلەردە ئوخشىتىش تەتقىقاتىغا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلگەن. ئەمما، ئوخشىتىش ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات بىرقەدەر كەم، ھەم كېيىنرەك باشلانغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى ھەققىدە بىر قىسىم ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى، ئوخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. لېكىن بۈگۈنگىچە ئوخشىتىش ھەققىدە ئايرىم يېزىلغان چوڭراق ھەجىمدىكى ئىلمىي ئەسەر مەيدانغا چىققىنى يوق. ھازىرغىچە ئوخشىتىشنىڭ ئۇقۇم ئېنىقلىمىسى، تۈرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە كۆزقاراشلاردا خېلى كۆپ مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مەسىلەن، ئېنىق ئوخشىتىش بىلەن مىتافورانىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىش ھېلىمۇ كەسكىن، بەزىلەر مىتافورانى ئوخشىتىشنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بەزىلەر ئۇنى ئايرىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دەپ قارىدى. ئوخشىتىشنىڭ بىر قىسىم باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ئومۇمەن، نۆۋەتتە ئوخشىتىش تەتقىقاتىدا ھەل بولمىغان مەسىلىلەر كۆپ، بۇلار بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئەنە شۇنداق ئېھتىياج بىلەن، تىلىمىزدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىقىدەك نەزەرىيۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئىلمىي يوسۇندا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ھەمدە ئوخشىتىشنى باشلىنىش ئېغىزى قىلغان ئاساستا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى سىستېمىلىق يولغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە بۇ تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق.

بۇ ئەسەرنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتاب ۋە ماقالىلەرنى كۆپلەپ ئاختۇرۇپ ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى، جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سىستېمىلىق يەكۈنلەشكە تىرىشتۇق. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلارنى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ، رەتلىدۇق، بەزىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي ستاتىستىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزدۇق، ھەم بۇ جەرياندا ھېس قىلغان، بايقىغان نۇقتىلارنى خاتىرىلەپ ماڭدۇق. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ، جۈملىدىن خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ ئوخشىتىش ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇلاردىكى مەزمۇنلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇردۇق. باشقا تىللارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۇيغۇر

تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ تىلىمىزدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان ئورتاقلىق ۋە خاسلىقلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدۇق. بىرىنچى قول ماتېرىياللار توپلانغان ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا ماقالىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇردۇق، ئاندىن رەسمىي يېزىشقا كىرىشىپ، ئاخىرى بۇ ئەسەرنى پۈتكۈزۈپ چىقتۇق.

ئەسەر چوڭ جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ تەتقىقات تارىخى، قوللىنىلىش ئەھۋالى، ئۇيغۇر تىلى ئوخشىتىش نەزەرىيىسىگە ئائىت مەزمۇنلار ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ ئۆتۈلدى. يەنى ئوخشىتىشنىڭ تەبىرى، ئوخشىتىشنىڭ ئاساسلىرى، قۇرۇلمىسى، تۈرلىرى، رولى، باشقا بەزى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قوللىنىلىش تەلەپلىرى، ئوخشىتىشنى توغرا ئايرىش قاتارلىق ئوخشىتىش تەتقىقاتىدىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر بىر-بىرلەپ مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلار ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىككىنچى قىسىمدا، ئۆزىمىزنىڭكىگە سېلىشتۇرۇش، ئۆرنەك قىلىش مەقسىتىدە ئىنگلىزلارنىڭ، ئەرەبلەرنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ ئوخشىتىش تەتقىقات تارىخى ۋە نۆۋەتتىكى تەتقىقات تەرەققىيات ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

ئاخىردا بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا يېتەكچىلىك قىلغان، يېقىندىن ياردەمدە بولغان، ھەمدە قىممەتلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەرگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللاغا. ئۇندىن باشقا يەنە شۇ مەكتەپتىن پروفېسسور گاۋ لىچىن، پروفېسسور زامىر سەيدۇللالارغا، ھەمدە ش ئۇ ئا ر تىل-يېزىق كومىتېتىدىن تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئاكىغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئەسەر ئوخشىتىش تەتقىقاتىدىكى دەسلەپكى نەتىجىلەردىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا بەزى كەمچىلىك، نۇقسانلارنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي. ئۇستازلارنىڭ، كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# 1 - باب. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتى

## §1 ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### 1. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي جەريانى

ئوخشىتىشنى قوللىنىش بىزدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىنلا بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئەينى دەۋرلەردە ئوخشىتىش نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭمۇ بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. لېكىن، قەدىمكى دەۋرلەردە ئوخشىتىش نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ بىزدە زادى قايسى دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ئىلمىي ئەسەرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى كۆپ ئەمەس.

10 - ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئېقىپ كىرگەن ئەرەب، پارس تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى(بالاغەت ئىلمى)، جۈملىدىن ئوخشىتىش تەتقىقاتىمۇ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرىلىدى. تۈركىي تىللىق نۇرغۇنلىغان كلاسسىكلار ئەرەب، پارس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىللىرىغا پىششىق بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئۆز ماھارەتلىرىنى تۈركىي، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىدى، ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلدى.

بولارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆچلۈك ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، ئەدىب سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئىبىن ئەبۇ بەكرى ئەلخارەزىمى سەككاكى(مىلادى 1160ــ1228 ـ يىللىرى ياشىغان) نىڭ «مىفتاھىل ئۇلۇم»(ئىلىم ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرى. بۇ ئەسەر تۈركىي مىللەتلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب، پارس تىللىرى ئىستىلىستىكىسى ئۈچۈنمۇ زور ئاساس سالغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئۆز ئەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدىكى تىل ھەققىدىكى بايانلار، ئەلىشىر نەۋائى(مىلادى 1441ــ1501 ـ يىللىرى ياشىغان) نىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»(ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە) ۋە «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى ئىستىلىستىكىغا ئائىت بىر قىسىم مەزمۇنلار ھېلىمۇ بىرقەدەر كۈچلۈك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئوخشىتىش(تەشبىھ)نى ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ياردەمچى سۆز (تەداتىي تەشبىھ) ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسى(سەۋەبى تەشبىھ ياكى ۋەجھى تەشبىھ) دەپ تۆت ئاملغا ئايرىغان. شۇ ئاساستا، ئوخشىتىشنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلگەن:

مۇتلەق ئوخشىتىش(تەشبىھى مۇتلەق)، سىپلىشتۇرما ئوخشىتىش (تەشبىھى مەشرۇت)، كىنايىلىك ئوخشىتىش(تەشبىھى كىنايەت ياكى مۇكەنا)، باراۋەر ئوخشىتىش(تەشبىھى تەسۋىت ياكى مۇزدەۋەج ۋە ياكى مۇستەۋى)، تەتۈر ئوخشىتىش(تەسبىھى ئەكس ياكى مەئىكۇس)، يېپىق ئوخشىتىش(تەسبىھى ئىزمار ياكى مۇزمەر)، كۆپەيتۈرمە ئوخشىتىش (تەسبىھى تەفزىل ياكى موفزىل ۋە ياكى بەرگەشتە) ۋە باشقىلار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائى، ئاتايى، سەككاكى، خىرقىتى، نۆبىتى، نىزارى، موللا بىلالغا ئوخشاش ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ

ئەسەرلىرىدىن بىز ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر، جۈملىدىن ئوخشىتىشنى ئىشلىتىشكە قانچىلىك دەرىجىدە ماھىرلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىكا، جۈملىدىن بىز توختىلىۋاتقان ئوخشىتىش نەزەرىيىسىگە پىششىق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئوخشىتىشلىرى ھەققىدە كلاسسىكلارنىڭ بايانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇق ئىگىلەشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 2. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى

بىزدىكى ئىستىلىستىكا، جۈملىدىن بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئوخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تەتقىقاتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا رەسمىي قولغا ئېلىندى.

40 ـ يىللاردا، ئاتاقلىق تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق قائىدىلىرى» دېگەن دەرسلىكنى تۈزۈپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ۋە ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ تەرجىمانلىق كۇرسلىرىدا ئىستىلىستىكىدىن دەرس بەرگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن ئىستىلىستىكا، جۈملىدىن ئوخشىتىشلار ھەققىدە بىر قىسىم ئايرىم تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن خېلىغىچە تولۇق سىستېما ھاسىل قىلالمىدى. نەزەرىيىۋى تەتقىقات 80 ـ يىللاردىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. شۇندىن كېيىن بۇ ھەقتە يېزىلغان مۇھىم ئەسەرلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللانىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن لېكسىيىلەر» ناملىق ئەسىرى.

2. خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، ئەمەت نىيازلار تۈزگەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى».

3. ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار تۈزگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001-يىلى نەشر قىلغان «قوتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى».

4. ئارسلان ئابدۇللانىڭ «مۇخبىرلار ئىشى» ژۇرنىلى 1986-يىل 1-سانىدىن 12-سانغىچە ئۇلاپ بېرىلگەن «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى ھەققىدە لېكسىيىلەر» ناملىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرى.

5. يولۋاس راشىدىنىنىڭ 2002-يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئىستىلىستىكا ساۋاتى» ناملىق ئەسىرى.

6. سەمەت تۇرسۇنىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004-يىلى 3-ئايدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» ناملىق ئەسىرى.

بۇلاردىن باشقا، ھەر خىل ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئوخشىتىش تەتقىقاتىغا ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرمۇ بار. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرقىسىم «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «يېزىقچىلىق» دەرسلىكلىرى، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر «تىل-ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىدىمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى تۈرى سۈپىتىدە ئوخشىتىش ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈلگەن.

تۆۋەندە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشقا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ مۇھاكىمىلەر بىزنىڭ بۇنىدىن كېيىنكى ئوخشىتىش تەتقىقاتىمىزدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىشىمىزگە بەلگىلىك دەرىجىدە ياردەم بەرگۈسى.

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن لېكسىيىلەر» ناملىق كىتابىدا ئوخشىتىشقا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما مەلۇم جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئارقىلىق يەنە بىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان ۋاستە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.» ئۇ ئوخشىتىشنىڭ رولى تىلنىڭ كونكرېت، جانلىق، ئوبرازلىق، جەلپكار بولۇشىغا زور دەرىجىدە ياردەم بېرىش، چوڭقۇر داۋلىلارنى كونكرېت چۈشەندۈرۈش، دەپ قارىغان. ئوخشىتىشنى قوللانغاندا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئوخشىتىشلار بىلەن داۋلى چۈشەندۈرگەندە، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى - مۇناسىۋىتى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك، دەپ قارىغان. ئوخشىتىشلارنى قۇرۇلمىسىغا قاراپ ئاددىي ئوخشىتىش ۋە مۇرەككەپ ئوخشىتىش دەپ بۆلگەن: «ئاددىي ئوخشىتىش دېگىنىمىز ‹دەك، تەك›، ‹...غا ئوخشاش› دېگەندەك قوشۇمچىلاردىن ۋە ياردەمچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئوخشىتىشتۇر» دەيدۇ. «مۇرەككەپ ئوخشىتىش دېگىنىمىز ئىككى تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان ئوخشىتىشتۇر» دەيدۇ. ئوخشىتىشلارنى يەنە ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە رولىغا قاراپ ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ. ئوخشىتىشلارنىڭ تەركىبىنى ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆز قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئېلېمېنتقا ئايرىيدۇ. ئېنىق ئوخشىتىشتا ئۈچ ئامىلنىڭ تەڭ كۆرۈنىدىغانلىقى، ئېنىق ئوخشىتىشنى قوللانغاندا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىق بولۇش، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسلىي زاتى بىر-بىرىگە زادى ئوخشىماسلىقى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. يوشۇرۇن ئوخشىتىشتا ئۈچىنچى ئامىلنىڭ بولمايدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوخشاشلىق مۇناسىۋەت بولماستىن، ماسلىشىش، باغلىنىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ۋەكىللىك ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچىنىڭ كۆرۈنمەيدىغانلىقى، ئوخشىغۇچىلا كۆرۈنۈپ، ئوخشالغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتور يەنە بىز ھازىر ۋاكالەتلەندۈرۈش دەپ كېلىۋاتقان «بىر نەرسىنىڭ

ئەسلىي ماتېرىيالىنى شەيئى ئورنىدا قوللىنىش، بىر نەرسىنىڭ چىققان يېرىنى دېمەكچى بولغان شەيئى ئورنىدا قوللىنىش، ئاپتورنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئەسىرى ئورنىدا قوللىنىش، بىرەر پايتەختنىڭ نامىنى بىرەر دۆلەتنىڭ ئورنىدا ياكى بىرەر ئىمارەتنى بىرەر ھوقۇقلۇق ئورگان ئورنىدا قوللىنىش قاتارلىقلارنىمۇ ۋەكىللىك ئوخشىتىش شەكلى، دەپ قارىغان. ئوخشىتىشلارنى قوللانغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىپ، كونكرېت نەرسىلەر ئابستراكت نەرسىلەرگە ئوخشىتىلىشى لازىم، كىتابخانلارغا تونۇش بولغان نەرسىلەر ئارقىلىق تونۇش بولمىغان نەرسىلەر، يەنى ئابستراكت چۈشەنچىلەر چۈشەندۈرۈلۈشى لازىم، باشقىلار ئىشلىتىپ كونىراپ كەتكەن ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىۋەرمەستىن، يېڭىدىن ئىجتىمائىي جانلىق، ئىجتىمائىي ئوبرازلىق ئوخشىتىشلارنى ياساپ ئىشلىتىشىمىز لازىم، ئوخشىتىشلارنى توغرا تونۇش، توغرا تاللاش لازىم. قوللانغان ئوخشىتىش ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي-پىكىرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىشى لازىم، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ كىتابتا ئوخشىتىشقا ئاجرىتىلغان سەھىپە ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئاپتور ئوخشىتىش ھەققىدىكى ئاساسىي ئاددىي چۈشەنچىلەرنى بىر قۇر يەتكۈزگەن. ئەمما، ئېلىنغان مىساللارنىڭ كۆپىنچىسى ساپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئەمەس، بەلكى خەنزۇلارنىڭ، چەتئەللەرنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىكى مىساللار بولغان. ۋەكىللىك ئوخشىتىش بىلەن ۋاكالەتلەندۈرۈشنى ئېنىق پەرقلەندۈرمىگەن، ھەممىسىنى ۋەكىللىك ئوخشىتىشقا تەۋە قىلىۋەتكەن.

خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، ئەمەت نىيازلارنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» ناملىق كىتابىدا ئاۋۋال ئوخشىتىشقا مۇنداق تەبىر بېرىلىدۇ: «چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ خاراكتېرى، ھالىتىنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئوخشاشلىقى بولغان يەنە بىر شەيئىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ئىجتىمائىي ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.» ئاندىن ئوخشىتىشنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆزلىرى- قوشۇمچىلىرى دەپ ئۈچ قىسمىغا ئايرىلغان. ئۈچىنچى قەدەمدە، ئوخشىتىش بىلەن باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ گىرەلىشىشى ئاددىي ھالدا ئىككى مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن. تۆتىنچى قەدەمدە، ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئۈچكە ئايرىلغان. بەشىنچى قەدەمدە، ئوخشىتىشنىڭ رولى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن كۆرسىتىلگەن: 1) تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقى ۋە جانلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ تۇرقى. ھالىتىنى ئېنىق سۈرەتلەشكە ياردەم بېرىدۇ، ھەتتا پېرسوناژلار ئوبرازىنىمۇ ياراتقىلى بولىدۇ. 2) ئوخشىتىش كىشىلەرگە تېخىمۇ روشەن ۋە جانلىق تەسىر بېرىپ چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. 3) ئوخشىتىش ئارقىلىق جۈملە ۋە سۆزلەرنى ئىخچام، جانلىق، گۈزەل قوللىنىشتىن سىرت كىتابخانلارنى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى، ئابستراكت نەرسىنى تونۇشلۇق، چۈشىنىشلىك، كونكرېت نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىدىيىۋى مەقسەتنى ئېنىق، مۇرەككەپ، چوڭقۇر قائىدە- قانۇنلارنى ئاددىي، ئاممىباب قىلىپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.» ئالتىنچى قەدەمدە، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىش بىلەن كىنودىكى ئوخشىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ، كىنودىكى ئوخشىتىشنىڭ باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىش بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكى، ئۇنىڭمۇ ئوخشاشلا تۇرمۇشتىن كېلىدىغانلىقىنى، لېكىن كىنودىكى ئوخشىتىشنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكىدەك ئويلىنىش ئارقىلىق يېزىقتىكى ئوبرازنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە ھالدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئوخشىتىش ئىكەنلىكى، كىنودىكى ئوخشىتىشنى قوللانغاندا ئوبراز تاللاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ. يەتتىنچى قەدەمدە، ئوخشىتىشلارنى قوللانغاندا دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەردىن مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن:

«1) ئوخشىتىشلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. 2) ئىدىيىۋى مەزمۇنغا، يەنى مۇھەببەت ـ نەپرەتنىڭ ئېنىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى زۆرۈر. 3) كونكرېت نەرسىلەر ئابستراكت نەرسىلەرگە، كىتابخانلارغا تونۇشلۇق بولغان نەرسىلەر تونۇشلۇق بولمىغان نەرسىلەرگە ئوخشىتىلىشى كېرەك. 4) ئوخشىتىش نۇتۇقنىڭ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئومۇمىي روھىغا ماس بولۇشى كېرەك. 5) ھاياتىي كۆچكە ئىگە يېڭى ـ يېڭى ئوخشىتىشلارنى يارىتىش ئارقىلىق ئوي ـ پىكىرنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشىش كېرەك».

ئارسلان ئابدۇللا «قوشۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە»(«مىراس» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 3 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدا، ئوخشىتىشقا «ئوخشىتىش ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بار شەيئىلەرنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تېخىمۇ كونكرېت، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە.» دەپ تەبىر بېرىدۇ. ئاپتور بۇ ماقالىدا ئوخشىتىشقا تەبىر بەرگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: 1) مەيلى ئوخشىغۇچى بولسۇن، مەيلى ئوخشالغۇچى بولسۇن، ئۇ يالغۇز شەيئىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە شەيئىنىڭ تۈرلۈك ھەرىكىتى، ھالىتى ۋە بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. 2) ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تەكىتلىنىدۇ. ماھىيەت قانچە ئوخشىمىسا، مۇناسىۋەت قانچىكى يىراق بولسا، شۇنىڭ ئىچىدىن ئوخشاشلىق بايقىۋېلىنسا، ئوي ـ پىكىرنى تېخىمۇ كونكرېت، ئوبرازلىق ۋە گەۋدىلىك ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. 3) ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىقنىڭ بار بولۇشى تەكىتلىنىدۇ، ئوخشاشلىق بولمىسا ئوخشىتىش شەكىللەنمەيدۇ، ئوخشىتىش ئۇسۇلىدا شەكلەن ئوخشىتىشقىمۇ، مەزمۇنەن ئوخشىتىشقىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىش شەكىللەندۈرۈشتە شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان تەبىئىي ئوخشاشلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە قىياس، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئوخشىتىش يارىتىش تەكىتلىنىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش شەرتىنى ئىككى جەھەتتىن ئىزاھلايدۇ. ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىنى ئاساسىي تۈر سۈپىتىدە ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ بۆلگەندىن سىرت، ئوخشىتىشنىڭ قوشۇمچە تۈرلىرى سۈپىتىدە نەقىللىق ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش، تەۋەلىك ئوخشىتىش، سېلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي-ئىنكار ئوخشىتىش، كېڭەيمە ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. ماقالىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا، ئوخشىتىشلاردىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىپ، قومۇل خەلق قوشاقلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، ئېستېتىك قاراشلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن بۇ ماقالىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن تۇنجى ماقالە دېيىشكە بولىدۇ.

يولۋاس راشىدىن «ئىستىلىستىكا ساۋاتى» ناملىق كىتابىدا، ئوخشىتىش ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختالغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئوخشىتىشقا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان ئىككى شەيئىنىڭ مەلۇم ئوخشاشلىقىدىن پايدىلىنىپ، پىكىر ئوبيېكتى بولغان شەيئىنى باشقا بىر شەيئى بىلەن چۈشەندۈرۈش ئوخشىتىش دېيىلىدۇ.» يولۋاس راشىدىن ئوخشىتىشنىڭ ئامىللىرىنى ئوخشىتىلغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشاشلىق نۇقتىسى ۋە ئوخشىتىش سۆزىدىن ئىبارەت تۆتكە ئاجراتقان، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق ئوخشىتىش سۆزلىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ كىتابتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا، يولۋاس راشىدىن ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىنى ئەنئەنىۋي ئۇسۇل بويىچە بۆلمەستىن، بىز ئىلگىرى يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ كېلىۋاتقان ئاساسىي تۈرلەرنى

ئوخشىتىشتىن ئايرىپ باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە مېتافورا، ئىستىئارە دەپ ئايرىم-ئايرىم بابلاردا سۆزلىگەن. ئوخشىتىش، يەنى ئېنىق ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىنى ئۇدۇل ئوخشىتىش، كۆپ ئوخشىتىش، ئالاھىدە ئوخشىتىش، دەلىللىك ئوخشىتىش، سېلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەتۈر ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، ئۆزئارا ئوخشىتىش قاتارلىق سەككىز تۈرگە بۆلگەن. ئۇدۇل ئوخشىتىشنى يەنى تەپسىلىي ئوخشىتىش، مۇجمەل ئوخشىتىش دەپ ئايرىغان. تەپسىلىي ئوخشىتىش ۋە مۇجمەل ئوخشىتىشنىڭ ھەر خىل قۇرۇلما شەكىللىرىنى فورمۇلا ئارقىلىق تەپسىلىي كۆرسەتكەن. كۆپ ئوخشىتىشنى يەنە تەكرار ئوخشىتىش، تۇتاش ئوخشىتىش دەپ ئايرىغان. سېلىشتۇرما ئوخشىتىشنى يەنە ئاشۇرما ئوخشىتىش، كېمەيتمە ئوخشىتىش، تەڭلەشتۈرمە ئوخشىتىش دەپ ئايرىغان. ئىنكار ئوخشىتىشنى يەنە قارشى ئوخشىتىش، ئايلانما ئوخشىتىش دەپ بۆلگەن. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلاردا «ئوخشاش، ـ دەك، ـ تەك» سۆزلىرى بولسىلا ئوخشىتىش بولىۋەرمەيدىغانلىقى؛ ئوخشاشلىق نۇقتىسى بەك كۆپ ياكى ئەكسىچە ئوخشاشلىق نۇقتىسى يوق شەيئىنى ئوخشىغۇچى قىلىپ تاللىماسلىق كېرەكلىكى؛ ئوخشاشلىق نۇقتىسىنى كۆرسىتىشتە ئوخشىتىلغۇچىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئوخشىغۇچىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەكلىكى؛ بىر تىل بۆلىكىدە ئۇدۇل ئوخشىتىش بىلەن سېلىشتۇرما ئوخشىتىشنى تەڭ قوللانماسلىق كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمىغاندا مەنە مۇجمەللىكى كېلىپ چىقىدىغانلىقى؛ ئۇدۇل ئوخشىتىش بىلەن سېلىشتۇرما ئوخشىتىشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇنىڭدا خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى بايقالغان ئوخشىتىش تۈرلىرى بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتى بىلەن مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلگەن.

مېتافورانى «ئوخشاشلىق نۇقتىسى ۋە ئوخشىتىش سۆزىدىن مەھرۇم قالغان ئوخشىتىشتىن ئىبارەت» دەپ ئىزاھلىغان. مېتافورادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مۇناسىپ مېتافورا سۆزلىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مېتافورانى ئىزاھ مېتافورا، ئىخچام مېتافورا، ئورۇنداش مېتافورا، قاراتما مېتافورا، كۆپ مېتافورا، قوشما مېتافورا، ئۆزئارا مېتافورا قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلگەن. كۆپ مېتافورانى يەنە تەكرار مېتافورا، تۇتاش مېتافورا دەپ بۆلگەن. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم نۇقتىلارنى كۆرسەتكەن.

ئىستىئارەگە ئۇنىڭدا «ئوخشىغۇچىلا بولىدۇ، ئوخشىغۇچى ئوخشىتىلغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئىستىئارەنى ئەسلىي ئىستىئارە، تەمسىللىك ئىستىئارە دەپ بۆلگەن: دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى، جۈملىدىن دەلىللىك ئوخشىتىش بىلەن تەمسىللىك ئىستىئارەنىڭ پەرقى، مېتافورا بىلەن ئىستىئارەنىڭ پەرقى قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن.

ئارسلان ئابدۇللا، يولۋاس راشىدىن، پەرىدە ھامۇت، ئابدۇرېھىم راخمان، غېنى ئابدۇگۇل قاتارلىقلار تۈزگەن ««قۇتادغۇبىلىك» ئىستىلىستىكىسى» ناملىق ئىلمىي ئەسەردە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئوخشىتىشلار ئۇستىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇچرىغان ئوخشىتىشلارنى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دېگەندەك ئاساسىي تۈرلەردىن باشقا يەنە نەقىللىق ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش، سىلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەۋەلىك ئوخشىتىش، كېڭەيمە ئوخشىتىش دېگەندەك قوشۇمچە تۈرلەر بويىچە ئايرىپ كۆرسەتكەن. بۇ كىتابتا يەنە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسى ، ئىستېتىك قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش قاراشلىرىدىكى بىر قىسىم مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، (خەنزۇچە) 2002 - يىللىق 2 - سانىدا ئارسلان ئابدۇللانىڭ «نەۋائى غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ماقالىسى

بېسىلدى. بۇ ماقالىدا ئاپتور ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزەللىرىدىكى ئۇخشىتىشلارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ، نەۋائىنىڭ ئوخشىتىشلاردىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغانلىقى، ھەرخىل ئوخشىتىش شەكىللىرىنى قوللانغانلىقى، ئوخشىتىشنىڭ يېڭى بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئوخشىتىشلاردا تاللانغان ئوخشىغۇچىلارنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە ئىنچىكە ستاتىستىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش بىلەن قايسى ساھە، قايسى تۈردىكى ئوخشالغۇچىلارنىڭ كۆپ قوللىنىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. شۇنىڭدەك بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق قاتارلىق كەسپلەرنى مۇھىم تايانچ قىلغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە يەنە شامانىزم دەۋرىدىكى بىر قىسىم تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ ساقلانغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، يالغۇز تەبىئىي شەيئىلەرنىلا گۈزەل ھېسابلاپ قالماستىن، بەلكى يەنە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرى ئارقىلىقمۇ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2003 ـ يىل 3 ـ سانىدا مۇئەللىپنىڭ «ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدا بىر قىسىم مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىدا ئۇچرىغان ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش قاتارلىق ئاساسىي تۈرلەردىن باشقا يەنە نەقىللىق ئوخشىتىش، سىلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلەرگە مىسال ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالغان. شۇنىڭدەك يەنە بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىشلاردا ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش روھى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەنلىكى، خەلقىمىزنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش مۇھىتى ئەكس ئەتكەنلىكى، خەلقىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى ۋە بۆرە تۇتېمى ئەكس ئەتكەنلىكى قاتارلىق نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2004 ـ يىل 1 ـ سانىدا، ھەسەنجان ئابلىزنىڭ «نەۋائىي قەلىمىدە يارىتىلغان فەرھاد ئوبرازىنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئاپتور «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە ستاتىستىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇ داستاندىمۇ نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىكىگە ئوخشاشلا تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ئوخشىتىلغۇچى قىلىنىش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ 53.7% نى ئىگىلىگەنلىكى، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ 23.3% نى، ھۈنەر ـ كەسىپكە ئائىت شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ نىسبىتى 4.3% نى، ئادەم بەدىنى ئەزالىرىنىڭ 3.07% نى، باشقىلار 14.08% نى ئىگىلىگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك بۇ مەلۇماتلار «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئوخشىتىلغۇچىلار ھەققىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇمات بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇلاردا ئوخشاشلا تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ئوخشىتىلغۇچى قىلىنىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە نەۋائىدىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك نامايەندىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش قاراشلىرىنىڭ ئىپادىسى بىر قەدەر يېقىن ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

2004 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن سەمەت تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا، ئوخشىتىشقا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلگەن.

ئوخشىتىش ھەققىدە چۈشەنچە، ئوخشىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى، ئوخشىتىشنىڭ مەنبەسى، ئوخشىتىشنىڭ تەركىبى، ئوخشىتىش شەرتى، ئوخشىتىشنىڭ مەقسىتى، ئوخشىتىشنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى (ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش)، ئوخشىتىشنىڭ قوشۇمچە تۈرلىرى (نەقىللىق ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش، تەۋەلىك ئوخشىتىش، سېلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي ئىنكار ئوخشىتىش، كېڭەيمە ئوخشىتىش)، ئوخشىتىشنىڭ رولى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىش بىلەن كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى ئوخشىتىش توغرىسىدا، ئوخشىتىشلاردىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا، ئوخشىتىشنى قوللىنىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار قاتارلىق ماۋزۇلاردا ئايرىم-ئايرىم بىرقەدەر تەپسىلىي توختالغان.

ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى، جۈملىدىن ئوخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، ۋەزىپە ئېغىر، ھەم مۈشكۈل. نۇرغۇن مەسىلىلەر بىزنىڭ داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئىستىلىستىكا تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشى، تەتقىقات سەۋىيىسىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، تىلىمىزدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ بارغانسېرى سىستېمىلىشىپ، ئىستىلىستىكا ئەمەلىيىتىگە ھەقىقىي يېتەكچىلىك قىلالايدىغان، باشقا ئەل، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى بىلەن تەڭ قەدەمدە راۋاجلىنىپ ماڭىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر

ئوخشىتىش تىلىمىزدىكى بىر مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرغىچە بۇ ھەقتە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ خېلى كۆپ نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇ نەتىجىلەر بىزنىڭ ئوخشىتىشنى توغرا قوللىنىشىمىز، شۇ ئارقىلىق تىل ماھارىتىمىزنى يۇقىرى كۆتىرىشىمىزگە ياردەم بېرىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىدا بەزى مەسىلىلەر ھېلىمۇ ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ توغرا تونۇشىمىزغا، ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە ۋە بالدۇرراق ھەل قىلىشىمىزغا موھتاج.

تۆۋەندە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك بىرقانچە نۇقتا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى كۆزقاراشلار بىردەك ئەمەس.

ئىستىلىستىكا تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى ھەر خىل كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. لېكىن، ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگىنى يوق. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن لېكسىيىلەر» ناملىق كىتابىدا ئوخشىتىشنى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلگەن. خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» دىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن. ئارسلان ئابدۇللا 1993 - يىلى يازغان «قومۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە»

ناملىق ماقالىسىدا ئوخشىتىشنىڭ ئۈچ ئاساسىي تۈرىدىن باشقا، يەنە ئالاھىدە شەكىللەردىن نەقىللىق ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش، تەۋەلىك ئوخشىتىش، سېلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي ـ ئىنكار ئوخشىتىش، كېڭەيمە ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلەرنى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. تەكرار ئوخشىتىشنى يەنە ئۆز ئىچىدىن تۇرداش ۋە تۇرسىز ئوخشىتىش دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. يولۋاس راشىدىن «ئىستىلىستىكا ساۋاتى» ناملىق كىتابىدا، ئوخشىتىشنى ئەنئەنىۋى ئاساستا ئۈچ تۈرگە بۆلمەستىن، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشىتىش، مېتافورا، ئىستىئارە دېگەن ناملار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم بابلاردا سۆزلەيدۇ. ئوخشىتىشنى ئۇدۇل ئوخشىتىش، كۆپ ئوخشىتىش، ئالاھىدە ئوخشىتىش، دەلىللىك ئوخشىتىش، سېلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەتۈر ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، ئۆزئارا ئوخشىتىش قاتارلىق سەككىز تۈرگە بۆلگەن. ئۇدۇل ئوخشىتىشنى يەنى تەپسىلىي ئوخشىتىش، مۇجمەل ئوخشىتىش دەپ ئايرىغان. تەپسىلىي ئوخشىتىش ۋە مۇجمەل ئوخشىتىشنىڭ ھەر خىل قۇرۇلما شەكىللىرىنى فورمۇلا ئارقىلىق تەپسىلىي كۆرسەتكەن. كۆپ ئوخشىتىشنى يەنە تەكرار ئوخشىتىش، تۇتاش ئوخشىتىش دەپ ئايرىغان. سېلىشتۇرما ئوخشىتىشنى يەنە ئاشۇرما ئوخشىتىش، كېمەيتمە ئوخشىتىش، تەڭلەشتۈرمە ئوخشىتىش دەپ ئايرىغان. ئىنكار ئوخشىتىشنى يەنە قارشى ئوخشىتىش، ئايلانما ئوخشىتىش دەپ بۆلگەن. مېتافورانى ئىزاھ مېتافورا، ئىخچام مېتافورا، ئورۇنداش مېتافورا، قاراتما مېتافورا، كۆپ مېتافورا، قوشما مېتافورا، ئۆزئارا مېتافورا قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلگەن. كۆپ مېتافورانى يەنە تەكرار مېتافورا، تۇتاش مېتافورا دەپ بۆلگەن. ئىستىئارەنى ئەسلىي ئىستىئارە، تەمسىللىك ئىستىئارە دەپ بۆلگەن. سەمەت تۇرسۇن تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» ناملىق كىتابتا، ئاساسىي تۈرلەرنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئۈچكە ئايرىشتىن سىرت، قوشۇمچە تۈرلەرنى ئارسلان ئابدۇللانىڭ بۆلۈش شەكلى بويىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەقىللىق ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش، تەۋەلىك ئوخشىتىش، سىلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي ئىنكار ئوخشىتىش، كېڭەيمە ئوخشىتىش دېگەن تۈرلەرگە بۆلگەن.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئالدىنقى ئىككى كىتابتىكى بۆلۈش ئۇسۇلى بىرقەدەر ئاددىي ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن ئىبارەت. كېيىنكى ئۈچ كىتابتىكى مەزمۇنلار غەربنىڭ ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش جەريانىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بىرمۇنچە يېڭى شاخلانما تۈرلەر بارلىققا كەلگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۆلۈش ئۇسۇلى ئۆزئارا زور دەرىجىدە پەرق قىلىدۇ، ئورتاق قوللانغىلى بولىدىغان بىر يۈرۈش ئۇنۇملۇك ئۆلچەم كۆرسىتىلمىگەن. بۇ جەھەتتە بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك تۈردە مۇۋاپىق تۈرلەرگە ئايرىپ چىقىش زۆرۈر.

بىزنىڭچە، ئوخشىتىشنى كەڭ ۋە تار مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن. تار مەنىدىكى ئوخشىتىش پەقەت ئېنىق ئوخشىتىشتىنلا ئىبارەت. كەڭ مەنىدىكى ئوخشىتىش ئېنىق ئوخشىتىشتىن باشقا يەنە مېتافورا (يوشۇرۇن ئوخشىتىش)، ئىستىئارە (ۋەكىللىك ئوخشىتىش) قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ئوخشىتىشنىڭ ھەر خىل شاخلانما تۈرلىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممال بار بىرلىككە كەلگەن سىستېمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

2) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە تەھلىل ئەمەلىي مىساللارغا باي ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىغا ئائىت كىتابلاردا قېلىپلىشىپ قالغان كونا مىساللارنى ئېلىش، تەكرار ئىشلىتىش ئەھۋالى مەۋجۇت، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئانا تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن مىسال ئالماستىن، خەنزۇ

تىلى ياكى چەت ئەل تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان مىساللارنى ئىپلەش ئەھۋالى ئىبغىر. بۇ خىل نوقسان يالغۇز ئوخشىتىش تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر تەتقىقاتىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: رەۋەيدۇللا ھەمدۇللانىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن لېكسىيىلەر» دە، مىساللار كۆپرەك «لېنىن ئەسەرلىرى»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ۋە لۇشۇننىڭ «يۇرتۇم» ھېكايىسىدىن ئېلىنغان. مەسىلەن: «بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خۇددى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمىز.»، «بىلىم ئېلىش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ھەم قىيىن ھەم جاپالىق ئىش.»، «ماركسىزملىق ئۇسۇل سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ.» (ماۋ زېدۇڭ)، «ئۆرۈش ئاياغلاشقان ۋاقىتتا روسىيە ئۆرۈپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇلغان ئادەمگە ئوخشايتتى. يەتتە يىل داۋامىدا ئۆرۈلۈپ ساق يېرى قالمىغانىدى. ھالبۇكى ھازىر خۇداغا شۈكۈر، ھاسىغا تايىنىپ ماڭالايدىغان بولدى.» (لېنىن)، «...ئۇ دېڭىز ياقىسىدا تۇرۇپ يىراقتا قارىغاندا دېڭىزدىن موما ياغىچىنىڭ ئۇچى كۆرۈنگەن بىر كېمە: ئۇ ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراققا قارىغاندا شەرقتىن نۇر چېچىپ ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش: ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قاتتىق تەۋرەۋاتقان، پات ئارىدا دۇنياغا كېلىدىغان بىر بوۋاق.» (ماۋ زېدۇڭ)، «گاڭچىن چېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. گاڭچىن چېلىشتا ئون بارماقنىڭ ھەممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئون بارماقنىڭ ھەممىسىنى تەڭ باسسا بولمۇ پەدىگە چۈشمەيدۇ. نەغمىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن ئون بارماقنىڭ ھەرىكىتى تەڭكەش بولۇشى، ئۆزئارا ماسلىشىشى لازىم.» (ماۋ زېدۇڭ)، «... ئۇنىڭ ئىشتانلىق ئۇزۇن پۇتلىرى خۇددى كەڭ ئېچىلغان سىركۇلدەك بولۇپ تۇراتتى.» (لۇشۇن: «يۇرتۇم»)

خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»دىمۇ ئوخشاشلا تەرجىمە مىسالنى كۆپ ئىشلىتىش

ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋە يۇقىرىقى كىتابتا تىلغا ئېلىنغان بەزى مىساللارنى تەكرارلاش ئەھۋالى مەۋجۇت. مەسىلەن: «بىلىم ئېلىش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك قىيىن ھەم جاپالىق ئىش.»، «ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى.» (لېنىن)، «بىز كوممۇنىستلار گويا ئۇرۇق، خەلق بولسا گويا يەر.» (ماۋزېدۇڭ)، «ماركسىزملىق ئۇسۇل ـ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ.»، «بىر تامچە سۇ كەڭ دېڭىزغا قويۇلغاندىلا ، ئاندىن ئۇ مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ.». «ئۇنىڭ قىياپىتى گويا كەڭ ئېچىلغان سېرىكۇلغا ئوخشايتتى.» (لۇشۈن: «يۇرتۇم») قاتارلىقلار. ئۇندىن باشقا يەنە يولئۇس فۇچىكنىڭ «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز»، «پوتئېر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان مىساللارمۇ بار.

يولۋاس راشىدىنىنىڭ «ئىستىلىستىكا ساۋاتى »دىمۇ مۇنداق مىساللار بار. مەسىلەن:

«لياڭجونىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسسۇل ئوينىغان،
ئىلمەك بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپئاق قاشتېشىسىمان.»
(تاڭ شائىرى لى رۇەن)

«نۇر چاقناتسا ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭگىدىكى بېزەك ئىگىن،
يالت ـ يۇلت قىلىپ ئۈنچە ـ مارجان ئۆتەر ئۇچقان يۇلتۇز سىياق.»
(تاڭ شائىرى يۈەن جېن: «ئۇيغۇر پىرقىرىما ئۇسسۇلى»)

«شاڭخەيلىكلەر كىچىك بېيىسەن دەپ ئاتايدىغان تىپلارمۇ بىزدىكى پارتىيە باگۇسىغا ئوخشاش ناھايىتى ئاۋاق، كۆرۈمسىز كېلىدۇ.» (ماۋ زېدۇڭ)

«بۇلتۇر قار توزغاقتەك توزۇغان قىشتا
مەن ئۇنى ئۇزاتقان قوۋۇق سىرتىدا.
ياز چىقىپ توزغاقلار توزۇماقتا قاردەك،
قايتىدىن ئۆرتەندىم ھىجران ئوتىدا.»
(سۇڭ دەۋرىدىكى سۇ شى)

سەمەت تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»دا. يۇقىرىقى كىتابلاردا كۆرسىتىلگەن «بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خۇددى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمىز.»، «بىلىم ئېلىش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ھەم قىيىن ھەم جاپالىق ئىش.»، «ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى.»( لېنىن)، «بىز كوممۇنىستلار گويا ئۇرۇق، خەلق بولسا گويا يەر.» (ماۋزېدۇڭ)، «ماركسىزملىق ئۇسۇل ـ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ.» دېگەندەك مىساللار، «ئۆگىنىپ پىكىر قىلمىغان كىشى قېقىپ قويغان قوزۇققا ئوخشايدۇ.» (كۇڭزى)، «كەلگۈسىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قازا تاپقان ھەربىر كىشى تاشتىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاشتۇر. ئىنقىلاب يولىنى توسماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز مۇرىسىگە ئالتۇن پاگون تاقىۋالغىنى بىلەنمۇ بەرىبىر پور كۆتەكتىن ياسالغان قونچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. («ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز»)، «ئاپتور بىلەن ئەسەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئانا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.» (ياشلىق ناخشىسى») دېگەندەك كونا، ھەم تەرجىمە مىساللار بار.

بىزنىڭچە، بۇنداق كونا مىساللارنى تەكرار ئىشلىتىش كىتابخانلارغا نىسبەتەن ئوخشىتىشنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋاللىرى، ھازىرقى تەرەققىياتىدىن ئۇچۇر بېرەلمەيدۇ. تەرجىمە قىلىنغان جۈملىلەردىكى مىسال نەق ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە توختالغان ئىكەن، مىساللار چوقۇم ئانا تىل ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنىشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى ئوخشىتىشلار بار، تەتقىقاتچى ھەقىقىي كەسىپچانلىق روھى بىلەن ئىزدىنىدىكەن چوقۇم ئۆز ئانا تىلىدىن ياخشى مىساللارنى تاپالايدۇ.

3) ئوخشىتىش تەتقىقاتىدا قوللىنىلىۋاتقان ئوخشىتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئاتالغۇلار بىردەك ئەمەس.

ئالدى بىلەن ئوخشىتىشتىكى ئەڭ تۈپكى ئىككى ئامىل، يەنى ئىككى تەرەپنىڭ نامىنى رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، ئەمەت نىياز، ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار «ئوخشالغۇچى» ۋە «ئوخشىغۇچى» دەپ قوللىنىدۇ. يولۋاس راشىدىن، سەمەت تۇرسۇنلارنىڭ كىتابلىرىدا «ئوخشىتىلغۇچى» ۋە «ئوخشىغۇچى» دەپ قوللىنىدۇ. «ئوخشىغۇچى» ئوخشاش بىر نام بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقىسى «ئوخشالغۇچى»، «ئوخشىتىلغۇچى» دەپ ئىككى خىل ئاتالغان. بىزنىڭچە، كۆپىنچە تىلشۇناسلارنىڭ قارىشى ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئادەتلەنگىنى بويىچە يەنىلا «ئوخشالغۇچى» دېگىنىمىز تۇزۇك تۇرىدۇ.

ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىنىڭ نامىدىمۇ پەرق بار. ئالدىنقىلار ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىنى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش (ياكى مېتافورا) ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن ئىدى. يولۋاس راشىدىن ئۇلارنى ئوخشىتىش، مېتافورا ۋە ئىستىئارەدىن ئىبارەت ئۈچ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە سۆزلىگەن. ئېنىق ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىدە ئارسلان ئابدۇللا بىلەن يولۋاس راشىدىن بەزى تۈرلەرگە ئورتاق نام بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى تۈرلەرگە بەرگەن نام ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن: ئارسلان ئابدۇللا «نەقىللىق ئوخشىتىش» دەپ ئاتىغان بولسا، يولۋاس راشىدىن «دەلىللىك ئوخشىتىش» دەپ ئاتىغان؛ ئارسلان ئابدۇللا «تەكرار ئوخشىتىش» ۋە «چاتما ئوخشىتىش» دەپ ئايرىغان ئىككى تۈرنى يولۋاس راشىدىن «كۆپ ئوخشىتىش» نامىدا چوڭ بىر تۈر قىلىپ ئايرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن «تەكرار ئوخشىتىش» ۋە «تۇتاش ئوخشىتىش» دېگەن ئىككى تۈرنى ئايرىغان.

بىزنىڭچە، ئوخشىتىشنى تۈرلەرگە بۆلگەندە، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئوخشىتىشنى كەڭ ۋە تار مەنىدە چۈشىنىش، تار مەنىدىكى ئوخشىتىش ھازىر بىز دەپ كېلىۋاتقان ئېنىق ئوخشىتىشنى

كۆرستىش: كەڭ مەنىدىكى ئۇخشىتىش ئىپىق ئۇخشىتىشتىن باشقا يەنە مېتافورا (يوشۇرۇن ئۇخشىتىش) ۋە ئىستىئارە (ۋەكىللىك ئۇخشىتىش)نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم. بۇ ئۈچ ئاساسىي تۈرنىڭ ھەر خىل شەكىل ئۆزگىرىشلىرىدىن بارلىققا كەلگەن شاخلانما تۈرلەرنىڭ نامىنى مۇۋاپىق يوسۇندا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

4) ئۇخشىتىش تەتقىقاتى تېخى چوڭ كۆلەم ھاسىل قىلالمىدى، ئىلگىرلەش قەدىمى بىر قەدەر ئاستا. تەتقىقات دەرىجىسى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلى ئۇخشىتىش ئەمەلىيىتى قەدىمكى ئەپسانە-رىۋايەت، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن باشلانغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، نەزەرىيە تەتقىقاتى ھازىرغىچە ناھايىتى ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلدى. 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئىستىلىستىكىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەتقىقات، ئوقۇتۇش سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلدى. گەرچە ھازىرغىچە رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، ئارسلان ئابدۇللا، يولۋاس راشىدىن، سەمەت تۇرسۇن قاتارلىقلارنىڭ ئىستىلىستىكا كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇخشىتىشقا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىلى ئۇخشىتىش تەتقىقاتى ۋە چەت ئەللەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تەرەققىيات تەلىپىدىن خېلىلا يىراق. يۇقىرىقى بىرقانچە يولداشتىن باشقا ئىستىلىستىكا، جۈملىدىن ئۇخشىتىش ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغانلار بەكلا ئاز. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇخشىتىش ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى يەنىلا تۆۋەن. ھازىرغىچە ئۇخشىتىشنىڭ تەبىرى، ئامىللىرى، ئاساسىي تۈرلىرى، رولى، يېقىندىن بايقالغان تۈرلەر، ئۇخشالغۇچىلاردا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى قاتارلىق نۇقتىلار ئۈستىدىلا تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئۇخشىتىشنىڭ ئاساسى، ئۇخشىتىشنىڭ ئىچكى قاتلىمى دېگەندەك نۇرغۇن مەسىلىلەرگە تېخى قول سېلىنمىدى. ئۇخشىتىشلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە ئاز-تولا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىتىشلارنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت قاتلىمى ئۈستىدە تېخى ئەتراپلىق ئىزدىنىشلەر بولمىدى.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى، جۈملىدىن ئوخشىتىشلار ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىز، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، تەتقىقات قوشۇنىنى زورايتىشىمىز، ھەمدە شۇ ئارقىلىق يۇقىرىقى جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئوخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشىمىزنى، ئىستىلىستىكا نەزەرىيىنى يەنىمۇ سىستېمىلاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## §2 ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوخشىتىشلارنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى

ئوخشىتىش باشقا مىللەتلەر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىدىمۇ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا خەلقنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مەيلى قايسى دەۋردە بولسۇن، مەيدانغا چىققان كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا ئوخشىتىشنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئۈلگىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەپسانە-رىۋايەتلەر بولسۇن؛ ئورخۇن-يېنسەي ۋادىلىرىغا تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى بولسۇن؛ ئىدىقۇت ئەدەبىياتىدىكى نەمۇنىلەر بولسۇن؛ مەھمۇد قەشقىرى توپلىغان خەلق قوشاقلىرى بولسۇن؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بولسۇن؛ نەۋائى، لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، نۆبىتى، خىرقىتى، نىزارى، موللا بىلال ۋە باشقا كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرى بولسۇن؛ مەيلى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، زۇنۇن قادىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، مۇھەممەدجان راشىدىن، مۇھەممەدجان سادىق، ئوسمانجان ساۋۇت، مەمتىمىن ھوشۇر ۋە باشقا شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ئوخشىتىش ھامان تۇرمۇشنى ئەڭ جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەچچە ئون مىڭ كۈپلېتلاپ تارقىلىپ يۈرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خەلق قوشاقلىرى، نەچچە ئونلاپ توپلاملارغا پاتمايۋاتقان خەلق چۆچەكلىرى، نەسىردىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققانلار ئەنئەنىسى، ھېسام قۇربان قاتارلىقلارنىڭ ۋارىسلىقى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ كېلىۋاتقان خەلق قىزىقچىلىقلىرى بولسۇن، ئىشقىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرى ھېچقاچان ئوخشىتىشتىن ئايرىلىپ باققان ئەمەس. گەرچە بىزدە ئوخشىتىشلار ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتلار بىر قەدەر ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىز ئۇنى ھامان ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۇنۇملۈك ھالدا قوللىنىپ كېلىۋەردى شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ يېڭى - يېڭى شەكىللەرگە كىرگۈزدى.

بىز بۇ ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدىكى يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ئوخشىتىشلار ئۈستىدە تولۇق توختىلىپ كېتەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى تۈرلەرگە ۋەكىل قىلىپ نۇقتىلىق ھالدا بىر قىسىم ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ ھەقتە ھېس قىلغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

# 1. ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى ئوخشىتىشلار

ئورخۇن - يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان، بۇندىن 1300 يىللار ئىلگىرى ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا قوللىنىلغان ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدا ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنغان ئوخشىتىش تۈرلىرى ئىچىدىكى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش قاتارلىق ئاساسىي تۈرلەردىن باشقا، يەنە سېلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش قاتارلىق شاخلانما تۈرلەرمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە قوللىنىلغان. تۆۋەندە ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ قوللىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

### ئېنىق ئوخشىتىش

بۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ئاساسىي تۈر بولۇپ، ئوخشىغۇچى، ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشاشلىق نۇقتىسى ئېنىق كۆرۈلۈشتىن سىرت، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قانچە ئوخشىتىش سۆزلىرىمۇ مۇۋاپىق قوللىنىلغان. ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى مىساللارغا قارايلى:

① ياغىمىز تەگرە ئۇچۇقتەگ ئەرتى.
(دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى.)
(«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، جەنۇب تەرەپ، 8 - قۇر.)

② كۈن يەمە، تۈن يەمە يەلۈ باردىمىز.
(كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، تۈننى تۈن دېمەي شامالدەك تېز يۈردۈق.)
(«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، شىمال تەرەپ، 27 - قۇر.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



③ ئۆرتچە قىزىپ كەلتى، سوڭۇسدۇمىز.
( ئۇلار ئوتتەك قىزىپ كەلدى، سوقۇشتۇق.)
(«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، غەرب تەرەپ، 40- قۇر . )

④ تۈرگىس قاغان سۈسى بولچۇدا ئوتچا، بورچا كەلتى.
( تۈركەش قاغاننىڭ قوشۇنى بولچۇدىن ئوتتەك، بوراندەك كەلدى.)
( «كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 37- قۇر )

⑤ تەڭرىتەگ تەڭرىدە بولمىس تۈرك بىلگە قاغان بۇ ئودكە ئولۇرتىم.
( مەنكى تەڭرىدەك، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە قاغان بۇ ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇردۇم.)
(« كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، جەنۇب تەرەپ، 1- قۇر )

⑥ تەڭرى كۈچ بەرتۈك ئۈچۈن قاڭىم قاغان سۈسى بۆرىتەگ ئەرمىس، ياغىسى قويىتەگ ئەرمىس.
( تەڭرى كۈچ- قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام قاغاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن.)
(«كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 12- قۇر )

⑦ بارتۇق يىردە ئەدگۈ ئول ئەرىنچ: قانىڭ سۈبچا يۈگۈرتى، سۆڭۈكۈڭ تاغچا ياتدى.
( بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنىڭلار مۇنداق بولدى: قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى. )
(«كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 24- قۇر )

⑧ ئۇمايتەگ ئۆگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كۆلتىگىن ئەر ئات بولتى.
(ئۇمايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆلتىگىن ئەر ئاتالدى.)
(«كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 31- قۇر )

⑨ ئولۇر تۇقۇما ئۆلتەچىچە ساقىنىغما بەگلەر بۇدۇن ئەگىرىپ سەبىنىپ توقتامىش كۆزى يۈگەرى كۆرتى.
(مەن تەختتە ئولتۇرغىنىمدا، ئۆلگىدەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ جانسىز كۆزلىرىگە جان كىردى.)

(«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 2ـ قۇر )

دېمەك، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورلىرى يۇقىرىقى مىساللاردىكى ھەرقايسى نۇقتىلاردا ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنى ناھايىتى ئېنىق، جانلىق، ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلارنىڭ ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشىتىش قوشۇمچىسى ۋە ئوخشاشلىق نۇقتىسى ئېنىق بولۇپ، بۇلار ھەممىسى ئېنىق ئوخشىتىشقا ئوبدان مىسال بولالايدۇ. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قارىساق، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز :

| № | ئوخشالغۇچى | ئوخشىغۇچى | قوشۇمچىسى | ئوخشاشلىق نۇقتىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | دۈشمەنلىرىمىز | قۇشلار | تەگ | سانى كۆپ |
| 2 | بىزنىڭ مېڭىشىمىز | يەل (شامال) | ئۇ | تېز |
| 3 | دۈشمەنىنىڭ كېلىش ھالىتى | ئوت | چە | قىزىق |
| 4 | دۈشمەنىنىڭ كېلىش ھالىتى | ئوت \ بوران | چا | قىزىق |
| 5 | مەن (بىلگە قاغان) | تەڭرى | تەگ | ئۇلۇغ |
| 6 | قاغان ئەسكەرلىرى \ دۈشمەنلىرى | بۆرە\ قوي | تەگ | جەڭگىۋارلىقى |
| 7 | قان \ سۆڭەك | ئېقىۋاتقان سۇ \ تاغ | چا | مىقدارى كۆپ |
| 8 | خانىش ئانا | ئۇماي | تەگ | ئۇلۇغ |
| 9 | ھەسرەت | ئۆلۈم گىردابىغا يېتىش | چە | مىقدارى كۆپ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ مىساللاردىن بىز يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىتىش قوشۇمچىسى قىلىنىدىغان سۆزلەردىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن «چا\ چە، تەگ (دەك\ تەك)» لەردىن باشقا يەنە «ئۇ» نىڭمۇ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

## يوشۇرۇن ئوخشىتىش

يوشۇرۇن ئوخشىتىشمۇ مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىدە بەلگىلىك دەرىجىدە قوللىنىلغان:

⑩ ياغىمىز تەگرە ئۇچۇقتەگ ئەرتى، بىز ئالىڭ ئەرتىمىز.

(دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى، بىز ئالىڭ [ئۇۋلانغۇچى] ئىدۇق)

(«تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»، جەنۇب تەرەپ، 8- قۇر)

بۇ مىسالدا، جۈملىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوخشىتىش قوشۇمچىسى بار بولۇپ، ئېنىق ئوخشىتىش شەكلىدىن پايدىلانغان بولسا، كېيىنكى يېرىمىدا ئوخشىتىش قوشۇمچىسىنى ئىشلەتمەستىن، ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يوشۇرۇپ، بىۋاستە ھالدا «بىز ئالىڭ ئىدۇق» دېيىش بىلەن پىكىرنى تېخىمۇ ئىخچام، ئوبرازلىق ھالەتتە ئىپادىلىگەن.

⑪ ئانچا قازغانىپ بىرىكى بودۇنىغ ئوت سۇب قىلمادىم.

(شۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ خەلقنى ئوت- سۇ قىلمىدىم.)

(«كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»، شەرق تەرەپ، 27- قۇر)

بۇ مىسالدىمۇ ئوخشىتىش قوشۇمچىسى ئىشلەتمەستىن، ئوت بىلەن سۇنىڭ قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرگە يوشۇرۇن ئوخشىتىپ، «ئەلنى ئىناق قىلدىم» دېگەن پىكىرنىڭ ئورنىغا «ئوت-سۇ قىلمىدىم» دېگەننى بىۋاستە ھالدا دېسسەتكەن.

سىلىشتۇرما ئوخشىتىش

⑥ «تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام قاغاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن.»

بۇ مىسالدا، ئۆز ئاتىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىق دەرىجىسىنى بۆرە بىلەن قوينىڭ خاراكتېرىگە سىلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئوخشىتىلدى. بۇ ئارقىلىق ئاتىسى خاقاننىڭ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋار روھى بىلەن دۈشمەن قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى ھەم ئوبرازلىق، ھەم سىلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

⑩ «دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى، بىز ئاش ئىدۇق.»

بۇ مىسالدا، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز قوشۇنىنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكى، جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن تەڭپۇڭسىزلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۈشمەن قوشۇنىنى سانسىز قۇشلارغا، ئۆز قوشۇنىنى ئاشقا ئوخشىتىلدۇ ھەم دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى سان جەھەتتە سىلىشتۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان چاغدىكى قىيىن ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

⑫ ئاندىن كېيىن خاقانىمدىن ئۆتۈندۈم: تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا بىز تايانچسىز قالىمىز، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتىلىمىز. يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي؛ يۇپقا قېلىن بولۇپ كەتسە ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە توم بولۇپ كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ.

بۇ مىسالدا، دۈشمەنلەرگە ئۇلار بىرلىشىۋېلىشتىن ئىلگىرىكى قىلىدىغان ھۇجۇم بىلەن بىرلىشىۋالغاندىن كېيىنكى ھۇجۇمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقى ئېگە بولىدىغانلىقىنى يۇپقا نەرسىنى ئېگىش، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشنىڭ نەتىجىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قېلىن نەرسىنى ئېگىش، توم نەرسىنى سۇندۇرۇشنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ يەردىكى سېلىشتۇرۇشمۇ ئوخشاشلا پىكىرنى روشەن، قايىل قىلارلىق ھالدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلغان. يۇقىرىقى مىساللاردا ئوخشىتىش بىلەن سېلىشتۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق پىكىرنى ئوبرازلىق، كونكرېت، ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

## تەكرار ئوخشىتىش

④ «تۈركەش قاغاننىڭ قوشۇنى بولچۇدىن ئوتتەك، بوراندەك كەلدى.»

بۇ مىسالدا، تۈركەش قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇم بىلەن كېلىۋاتقان ھالىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن «تۈركەش قوشۇنى»دىن ئىبارەت بۇ بىر ئوخشالغۇچىنى ئارقا-ئارقىدىن «ئوت» ۋە «بوران»دىن ئىبارەت ئىككى ئوخشىغۇچىغا باغلاپ ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىكى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

## چاتما ئوخشىتىش

⑦ «بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنىڭلار مۇنداق بولدى: قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى.»

بۇ مىسالدا، ئۆز خانلىقىنى تاشلاپ، يات ئەللەرگە كەتكەن تۈركلەرنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەردە ئاققان قانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئېقىۋاتقان سۇغا، دۆۋىلەنگەن سۆڭەكلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى تاغقا ئوخشىتىدۇ. ئوخشىتىش بىلەن مۇبالىغىنى زىچ گىرەلەشتۈرىدۇ. يەنى ئادەمدىن ئىبارەت بىر شەيئىنىڭ قېنى ۋە سۆڭىكىدىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى نەرسىگە ئوخشىتىدۇ. ئۆز ئېلىگە سادىق بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئەكسىچە، ۋەتەن-ئەلگە بولغان ساداقەتسىزلىكنىڭ ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پىكىرنىڭ مۇھىملىقىنى

ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئۇنى چوڭقۇر ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىنكار ئوخشىتىش

«شۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ خەلقنى ئوت-سۇ قىلمىدىم.»

بۇ مىسالدا، قاغان ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى ئېجىل-ئىناق قىلغانلىقىنى ئىنكار ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىگەن. يەنى «خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئوت بىلەن سۇدەك قارىمۇ قارشى قىلىپ قويمىدىم» دېيىش ئارقىلىق دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئېجىل-ئىناق قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن، پىكىر تېخىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەنگەن.

ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىدە قوللىنىلغان، يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئوخشىتىشلاردىكى ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەردىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت بىرقانچە جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈۋالالايمىز.

قىسقىسى، ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدا ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىشلارنىڭ تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكلىكى، مەڭگۇ تاش تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئەينى زامانىنىڭ ماھىر تىل ئۇستىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ مەزمۇنى ئارقىلىق بىز يەنە خەلقىمىزنىڭ ئەينى چاغدىكى چارۋىچىلىق ھاياتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە تەبىئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان روھىيىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. بۇمۇ ئوخشاشلا شۇ دەۋرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ئاساسى بولالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## 2 . «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئوخشىتىشلار

«قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇ شاھانە ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىلغار مەزمۇن قىممىتى ۋە يۈكسەك بەدىئىي قىممىتىنى ھېلىغىچە يوقاتقىنى يوق. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەر قايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەرگە ئائىت بىلىم ئۇچۇرلىرى تەتقىق قىلغانسېرى تېخىمۇ كۆپلەپ بايقالماقتا. جۈملىدىن، ئۇ بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ تىلىدىمۇ تەتقىق قىلىشقا، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مەزمۇنلار بار.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ گۈزەل، نەپىس، ئوبرازلىق ۋە رىتىمدارلىقىدا. جۈملىدىن ئۇنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئۇنىڭدا ماھىرلىق بىلەن كۆپلەپ قوللىنىلغان ئوخشىتىشلاردىن ئىبارەت. ئارسلان ئابدۇللا رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان 1997 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تېمىسى ««قۇتادغۇبىلىك» ئىستىلىستىكىسى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملانغاندىن كېيىن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىستىلىستىكىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىپ بەلگىلىك ئىلمىي نەتىجىگە ئېرىشىلدى، جۈملىدىن ئوخشىتىش ھەققىدىمۇ نۇرغۇن يېڭىلىقلار بايقالدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆزىنىڭ باي تەسەۋۋۇرى، يۈكسەك بەدىئىي دىتى ۋە تالانتىنى ئۆزى قوللانغان نۇرغۇن ئوخشىتىشلاردا يارقىن ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ بىر ئىپادىسى ئاپتورنىڭ ئەسەردە ھەر خىل ئوخشىتىش شەكىللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن

پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بىز ئالدى بىلەن ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار تۈزگەن «قۇتادغۇبىلىك» ئىستىلىستىكىسى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك»تە قوللىنىلغان ئوخشىتىش تۈرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

ئېنىق ئوخشىتىش

(2688) ئاقار سۈدەك ئېرۈر چىقسا ياخشى سۆز،
ئۇ ئاقسا قايانغا چېچەك ئۈنەر يۈز.
(6531) يورۇق يازدەك ئېردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.
(5639) چېچىم بولدى شۈڭقار تۈسىدەك ئالا،
ساقالىم كۆزىكى ئوتتەك بولدىلا.

يوشۇرۇن ئوخشىتىش

(3627) بۇ دۇنيا بىر ئالۋۇن كۆزۈڭدىن ئۇچار،
سەن قانچە قوغلارسەن، ئۇ شۇنچە ئۇچار.
(5314) بۇ دۇنيانى بوران يا يامغۇر سانا،
گۈرۈلدەپ بىر ئاز ئۇ، توختار تېز يانا.
(5357) بۇ بەگلەر بىر تاغدۇر ئالتۇن ـ كۈمۈشلۈك،
كۈمۈش كان قازغۇچى بېيىپ كەتكۈلۈك.

ۋەكىللىك ئوخشىتىش

(2047) بولۇۋەرسە ئىتقا كۆز، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

تۈگۈر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شاخلانما تۈرلەر

نەقىللىق ئوخشىتىش

(312) ئىپارنى يوشۇرساڭ، ھىدى بىلدۈرەر،
بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ كۆرسىتەر.
(2380) كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكاھ توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

تەكرار ئوخشىتىش

(6548) ئىسكەندەردەك ئالدىم جاھاننى پۈتۈنلەي،
نوھ ئۆمرىنى پۈتۈن ياشىدىم ياشاتتىم.
(6549) چىقىندەك قىلىچلىق ھەيدەر ئەرسەم ئۆزۈم،
يا رۇستەمدەك جاھانغا داڭقىم تاراتتىم.
(6550) بولۇر ياكى ئەيسا ئۇچۇپ كۆككە چىقتىم،
يا نوشىرۋاندەك قانۇن ئەدىل يۈرۈتتۈم.

چاتما ئوخشىتىش

2310 ـ بېيىتتىن 2315 ـ بېيىتكىچە بولغان مىسرالاردا جەڭچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ھەر تەرەپتىن ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدۇ:

سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.
توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.
ئۇ بولسۇن ھېلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك.
سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،

كۆرسە قىيا قوزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.
قارا، بولسۇن ئۇ ھېممەتتە ئۇ ئارسلان،
كىچەسى ھۆۋقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.
مۇشۇ خىل سۇپەتلە ئۇ جەڭچى بولۇر،
بولۇر جەڭچى ھەم يارامچى بولۇر.

سىلىشتۇرما ئوخشىتىش

(1916) دېمەستە سۆزۈڭنى ئالتۇن ھېسابلا،
ئېغىزدىن چىقسا سەن ئۇنى مىس سانا.
(2687) كۆيەر ئوتقا ئوخشار كېرەكسىز سۆزۈڭ،
ئېغىزدىن چىقارما، كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.
(2688) ئاقار سۇدەك ئېرۇر چىقسا ياخشى سۆز،
ئۇ ئاقسا قايانغا چېچەك ئۇنەر يۈز.

تەۋەلىك ئوخشىتىش

(806) نېمىكى ئېگىلسە، ئۇ ئەگرى بولۇر،
پۈتۈن ئەگرى يامانلىق ئۇرۇقى بولۇر.
(65) جاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن،
پارلاق ياز يەنە قۇردى دەۋلەت ياسىن.

كېڭەيمە ئوخشىتىش

(3386) كېمەگە چۈشكۈچى خوتۇن ئالغۇچى،
دېڭىز ئېچرە كىرەر ئاڭا چۈشكۈچى.
(3387) تۇغۇلسا ئوغۇل ـ قىز كېمىسى سۇنۇر،
كېمە سۇنسا سۇدا تېتىك كىم قالۇر؟
(3107) قانۇن ــــ سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم ئوت، بەلا،
ئېقىتتىڭ سۇزۇك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«‹قۇتادغۇبىلىك› ئىستىلىستىكىسى» ناملىق ئىلمىي ئەسەردە يەنە «قۇتادغۇبىلىك»تە قوللىنىلغان 539 ئوخشىتىش ئۈستىدە ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى بويىچە ستاتىستىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە ئۇلارنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوخشىتىشلىرى بىلەن قىسمەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئەسەردىكى ئوخشىتىشلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان تەبىئىي شارائىت ۋە مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتى نۇقتىسىدىن بايان قىلىپ ئۆتكەن.

ئوخشىتىشلارغا قىلىنغان ستاتىستىكىلىق تەھلىلنىڭ نەتىجىسى مۇنداق:

| ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنىڭ تۈرلىرى | | | سانى | نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەر | ئاسمان جىسىملىرى | تاغ، سۇ، شامال، ئاي، كۈن، ئوت | 246 | 45.6% |
| | ھايۋانلار | سۈت ئەمگۈچىلەر، قۇشلار | | |
| | ئۆسۈملۈكلەر | گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر | | |
| ئىستېمال بۇيۇملىرى | ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قىممەت باھالىق بۇيۇملار | | 99 | 18.4% |
| ھۈنەر ـ كەسىپكە دائىر شەيئى ـ ھادىسىلەر | | | 77 | 14.28% |
| باشقىلار | | | 117 | 21.6% |

دېمەك، بۇنىڭدىن بىز تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنىمۇ ئىنچىكە تەھلىلدىن تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەر ئىچىدە ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ 52%نى، ھايۋاناتلارنىڭ 36%نى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 10%نى ئىگىلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا ئۈچ جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن: ئۇيغۇرلار تارىختا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس

قىلىشتىن دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىشقا ئۆتكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قوللانغان ئوخشىتىشلىرىدا تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ سالمىقى يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا كۆك تەڭرى ئېتىقادچىلىقى ۋە تاغ، دەريا، ئورمان، ھايۋانات ئېتىقادچىلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن، شۇنداق بولغاچقا ئۇلار تاللىغان ئوخشىغۇچىلاردا ئاي، كۈن، يۇلتۇز قاتارلىقلارنىڭ سالمىقى يۇقىرى. خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېستېتىك قاراشلىرى تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 3. نەۋائى ئەسەرلىرىدىكى ئوخشىتىشلار

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزەل ۋە داستانلىرى ئىجاد قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 500 نەچچە يىللىق تارىختا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىپ كەلدى. بۇنداق يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان غەزەل، داستانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى — ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ئۇنۇملۇك رول ئوينىغانلىقىدا. ئەلۋەتتە بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ مۇھىم بىرى ئوخشىتىشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى ئوخشىتىشلاردىن پايدىلىنىشتا ماھىر بولۇپ ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ (ئارسلان ئابدۇللا: «نەۋائى غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 2002-يىل 3-سان):

1) نەۋائى غەزەللىرىدە قوللىنىلغان ئوخشىتىشلار ئوخشىتىشنىڭ بىلىش قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. «نەۋائى غەزەللىرى»گە كىرگۈزۈلگەن 260 پارچە غەزەلدە 2000 غا يېقىن ئوخشىتىش قوللىنىلغان بولۇپ، مىڭلىغان ناتونۇش، ئابستراكت شەيئىلەر ۋە ئۇقۇملارنى كىشىلەرگە تونۇش، بىلەلەيدىغان كونكرېت شەيئىلەرگە ئايلاندۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن. تەبىئەتتىكى گۈزەل شەيئىلەر ئوخشىغۇچى قىلىپ ئېلىنغان بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، زوقلىنىش دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ.

2) ئوخشىتىشنىڭ يىغىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى. مەسىلەن، نەۋائى

«كۆكۈل»نى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن «جام، يالقۇن، تاۋۇس، خورما، شىشە، ئۆي، مەنزىل، بايلىق، ئەپسانە، سەرگەردان، بۇلبۇل، زەڭگى، ئىمارەت، سۇبھى، شام، داغ، كاۋاپ، دىۋانە، ئاتنىڭ غىزاسى، ئۇۋا، قۇش، سەدەپ قۇلۇلىسى، بوشلۇق، قۇدۇق، تاش، لالە، كېپىنەك، ئوتدان، گۆھەر قۇتىسى، غۇنچە ...» قاتارلىقلارغا ئوخشىتىدۇ. بىر شەيئىنى شۇنچە كۆپ شەيئىگە ئوخشىتالىشى شائىرنىڭ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋەتنى بايقاشقا ماھىرلىقى، شۇ ئارقىلىق يېڭى-يېڭى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىدىغانلىقى، ئوخشىتىشنىڭ يېڭى بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان روھىنى نامايان قىلىدۇ.

نەۋائى غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەر خىل ئوخشىتىش شەكىللىرىدىن كەڭ پايدىلانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئوخشىمىغان ئىستىلىستىكىلىق مۇددىئا ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ئېھتىياجى بىلەن ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنى قوللانغاندىن سىرت، يەنە شاخلانما تۈرلەردىن چېكىنمە ئوخشىتىش، نەقىللىق ئوخشىتىش، كېڭەيمە ئوخشىتىش، سىلىشتۇرما ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، تۇتاش ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي-ئىنكار ئوخشىتىش قاتارلىق تۈرلەردىن كەڭ پايدىلانغان. يېڭىلىق يارىتىش يەنە بىر تەرەپتىن، ئوخشىتىشنىڭ مۇۋاپىقلىقى جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ. نەۋائى ئوخشىتىشنىڭ تىل مۇھىتى، يەنى كونتېكست، ئالاقە ئەھۋالى، ئۇسلۇب، مىللىي پسىخىكا ۋە ئېستېتىك قاراشلار بىلەن بىردەك بولۇش، ماسلىشىش ئارقىلىق ھەم چۈشىنىشلىك، ھەم يېڭى بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى پرىنسىپنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇردى.

نەۋائى غەزەللىرىدىكى 625 ئوخشىتىش ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئوخشىغۇچىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدىكى ستاتىستىكىلىق ئانالىز نەتىجىلىرى مۇنداق: (كېيىنكى بەتكە قاراڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



1 ـ جەدۋەل: 625 ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلىرى، چاستوتىسى، نىسبىتى:

| ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلىرى | تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەر تۈرى: ئاسمان جىسىملىرى، ھايۋان، ئۆسۈملۈك | ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت تۈرى: ھۈنەر، دىن، تۇرمۇش بۇيۇملىرى |
| --- | --- | --- |
| قېتىم سانى | 278 | 347 |
| نىسبىتى (%) | 44.48 | 55.52 |

2 ـ جەدۋەل: 278 تەبىئىي شەيئىلەرگە مەنسۇپ ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلىرى، چاستوتىسى، نىسبىتى:

| ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلىرى | ئاسمان جىسىم، تەبىئىي ھادىسە | | ھايۋانلار | | ئۆسۈملۈكلەر | |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| | كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئوت | تاغ، دەريا، شامال، بۇلۇت | قۇش، بېلىق، ھاشارات | سۈت ئەمگۈچى | گۈل ـ گىياھ | دەل ـ دەرەخ |
| قېتىم سانى | 89 | 67 | 25 | 23 | 61 | 13 |
| نىسبىتى (%) | 32 | 24 | 8.9 | 8.3 | 22 | 4.6 |
| | 56 | | 17.2 | | 26.6 | |

3 ـ جەدۋەل: 347 ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ساھەسىگە ئائىت ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلىرى، چاستوتىسى، نىسبىتى:

| ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلىرى | ھۈنەر- كەسىپ | | | | | دىن | تۇرمۇش بۇيۇملىرى | | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يېزا ئىگىلىك | چارۋىچىلىق | بىناكارلىق | ھەربىي ئىشلار | قول ھۈنەر- ۋەنچىلىك | | ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر | كۈندىلىك بۇيۇملار | |
| قېتىم سانى | 21 | 32 | 26 | 22 | 49 | 29 | 32 | 56 | 80 |
| نىسبىتى (%) | 6 | 9 | 7.5 | 6.3 | 14 | 8.4 | 9 | 16 | 23 |

يۇقىرىقى جەدۋەللەردىن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1) ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تۈرىدىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ نىسبىتى تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 55.52% نى ئىگىلىگەن. بۇ نەۋائىي دەۋرىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ چاستوتىسىغا سېلىشتۇرغاندا تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ نىسبىتى مەلۇم نىسبەتتە تۆۋەنلىگەن. 2) نەۋائىي غەزەللىرىدىكى تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسە تۈرىدىكى ئوخشىغۇچىلار ئىچىدە ئاي، كۈن، يۇلتۇز، تاغ، دەريا، بۇلۇت، شامال قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەر ئىچىدە 56% نى ئىگىلەيدۇ، بۇمۇ نەۋائىي ئوخشىتىشلىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك. 3) نەۋائىي غەزەللىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىشلار ئىچىدە ھۈنەر-كەسىپكە ئائىتلىرىنىڭ چاستوتىسى يۇقىرى بولۇپ، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئوخشىتىشلىرى ئىچىدە 42.8% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوخشىتىشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئوخشاش تۈر بويىچە 28.52% يۇقىرى ئۆرلىگەن. نەۋائى غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر قاتارلىقلارنىڭ نىسبىتىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىگەن.

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ نەۋائى دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، مەدەنىيەت، ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە باغلىغاندا، بىز يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز: نەۋائى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىكى چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى تەڭ ئاساس قىلىشتىن، تەدرىجىي ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، شەھەرلەشكەن، يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان، بىناكارلىق قاتارلىق كەسىپلەرنىڭمۇ بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن دەۋرگە قەدەم قويغان. مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئاساسىدا يەنىمۇ راۋاجلانغان، ئەسلىدىكى شامان دىنى قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بەلگىلىك تەسىرىنى ساقلىغان ئاساستا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىپ بولغان. بىر تەرەپتىن تەڭرى ھەققىدىكى ئوخشىتىشلار بولۇشتىن سىرت، يەنە ئاي، يۇلتۇز، قۇياش قاتارلىق تەبىئىي جىسىملارنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىشى يەنىلا بەلگىلىك سالماقنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىقلاردىن ياسالغان زىبۇ-زىننەتلەرمۇ ئېستېتىك ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستە بولۇپ قالغان.

نەۋائىنىڭ غەزەللىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «خەمسە» توپلىمىدىكى داستانلىرىدىمۇ ئوخشىتىشلار ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. مەسىلەن: ئۇنىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ داستاندا ئوخشىتىشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە ئوخشىتىشنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدىن تەڭ پايدىلانغان. بىز بۇ داستاندىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىلىق تەھلىلگە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد ، مەدەنىيەت، ھۈنەر ـ كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە خەۋەر تاپالايمىز (ھەسەنجان ئابلىز: «نەۋائىي قەلىمىدە يارىتىلغان فەرھاد ئوبرازىنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تولۇقلىما» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىل 1 ـ سان):

| ئوخشىغۇچى شەيئىلەر | تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەر | | | | | | ئىستېمال بۇيۇم | ھۈنەر ـ كەسىپ | ئادەم بەدىنىدىكى ئەزا | باشقا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىسى | | | ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر | | | | | | |
| | چاقماق، ئاي، بۇلۇت | كۈن، ئوت، تۇپراق | ئاسمان، تاغ، سۇ، شامال، بۇلۇت | قۇش | سۈت ئەمگۈچى | گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ | | | | |
| چاستوتا | 1016 | | | | | | 441 | 83 | 68 | 281 |
| نىسبەت % | 53.8 | | | | | | 23.3 | 4.4 | 3.6 | 14.9 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرۈشكە بولىدۇكى، نەۋائىنىڭ «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىمۇ ئوخشاشلا تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، 53.7% نى ئىگىلىگەن. شۇنىڭدەك ئادەتتىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ 23.3% كە يەتكەن. بۇ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، نەۋائىنىڭ داستانلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكنى سۆيۈش ئېڭىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئىپادىلەنگەن، قەدىمكى دىنلاردىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىزنالىرى بۇ دەۋردە يەنىلا خېلى كۈچلۈك ساقلانغان. شۇنىڭدەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، ئىشلىتىلىشى بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىگەن.

## 4. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ئوخشىتىشلار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولغان شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى مەزمۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ھەممىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىل جەھەتتىن گۈزەللىككە يېتىشىدىكى بىر سەۋەب، ئۇنىڭ ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن، جۈملىدىن نۇرغۇن ئوخشىتىشلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىدا. قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەربىر كۇپلېت، ھەر بىر مىسراسىدا دېگۈدەك ئوخشىتىشلار تولۇپ تۇرىدۇ. شائىر تىلىمىزدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇنىڭ قوللانغان ئوخشىتىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىدىن ئېنىق ئوخشىتىشتىن پايدىلانغاندىن سىرت، ئوخشىتىشنىڭ ئىخچام، چوڭقۇر، يوشۇرۇن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش شەكىلىنىمۇ كۆپ قوللانغان.

مەلۇمكى، شېئىر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئىخچام شەكلى، ئۇنىڭ تىلى ئاھاڭدار، رىتىملىق بولۇش بىلەن سۆز تاللاشتا چەكلىمىلىكى يۇقىرى، قاتتىق تەلەپ قويۇلىدۇ. بولۇپمۇ ئىخچاملىق تەلپى شېئىرنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنداق بولغاچقا مەيلى ئوخشىتىش بولسۇن، مەيلى باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بولسۇن، شېئىردا ئەڭ ئىخچام شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا ئوخشىتىشنىڭ ئىخچام شەكىللىرىدىن بولغان مېتافورا، ئىستىئارە شەكىللىرىنى قوللىنىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېتىبار بىلەن قارىغان. شائىر يارىنىڭ سۈپەتلىرىنى «قەمەر، ماھ رۇخسار، گۇل يۈز، پەرى، گۇل، جان، جادۇ كۆز، گۇل كىرپىك، تاش كۆڭۇل، مەھبۇبى شاھ» دېگەندەك سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ناھايىتى ئىخچام، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ كۆرسەتمىدۇ. ئۆزىنىڭ سىياسىي كۆزقاراشلىرىنى بولسا «بۇلۇت، قۇياش، بوران، يامغۇر...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ، زۇلمەتلىك زامانىنى قارا بۇلۇتقا، ئۆز ئارزۇسىدىكى ئازادلىق، ئەركىنلىكنى قۇياشقا، يورۇقلۇققا، نۇرغا ئوخشىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىردا ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلىنىدۇ.

2) شائىر ئوخشىتىشنىڭ شاخلانما تۈرلىرىدىن كۆپ ئوخشىتىش، نەقىللىق ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش، سېلىشتۇرما ئوخشىتىش شەكىللىرىدىنمۇ مۇۋاپىق پايدىلانغان.

«ئۇيغۇر قىزى» ناملىق لىرىكىسىغا قارايدىغان بولساقلا ئۇنىڭدا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. شائىر ئۇيغۇر قىزىنى قەمەر(ئاي)گە، رۇخسارىنى ماھ (ئاي)قا، خالىنى قۇياشنىڭ چىدىماي ياغ چېچىشىدىن پەيدا بولغان داغقا، يۈزىنى گۇلگە، كۆزىنى نەركەسكە، يېنىپ تۇرغان ئېلېكتر نۇرىغا، لەۋلىرىنىڭ رەڭگىنى ئانارنىڭ رەڭگىگە، چىشلىرىنى ئۈنچىگە، قاشلىرىنى شەۋۋالدا يېڭى چىققان ئايغا، كىرپىكىنى سېھىرلىك گۇلگە، ساقچىغا، نەيزىگە، چاچلىرىنى رەقىبلەرنىڭ كۆڭلىگە، قارا سىرغا، ئۇنىڭ يەلپۈنۈشىنى ئەۋرىشىمگە، تېنىنى ئالماسقا، خېنى ياقىقان تىرنىقىنى بەدەخشان لەئىلىسىگە، بويىنىڭ زىلۋالىقىنى سەرۋىگە ئوخشىتىدۇ. بىر پارچە شېئىردا ئۇيغۇر قىزىدىن ئىبارەت بىر ئوخشالغۇچىنى شۇنچە كۆپ ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ھەر تەرەپتىن ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى شائىرنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ ھەقىقەتەن يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەشتە مۇۋاپىق كەلگەندە خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن نەقىل ئېلىپ نەقىللىق ئوخشىتىشنىڭ مۇنەۋۋەر ئۆلگىلىرىنى قالدۇرىدۇ.

ئوتىدا كۆيمەكتىمن ئۆزگە تاپمىدىم ھېچبىر ئامال،
«ھىجرى دوزاختىن يامان» دەپ راست ئىكەن ئۇشبۇ ماقال.
(«ھىجران»)

ئىت ئۇرغاننى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.
(«باردۇر»)

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ئابدۇخالىق كۈت ئۈمىد،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سۆزلۈپ شۇندا جاھان.
(«سېغىنىش»)

سېلىشتۇرما ئوخشىتىش ئارقىلىق پىكرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ:

لەۋلىرىڭنىڭ قېنى ئانار رەڭگىدىنمۇ ياخشىراق،
چىشلىرىڭ چىن ئۈنچىدىن، تىللىرىڭ مەھبۇبراق.
(«ئۇيغۇر قىزى»)

ئىنكار ئوخشىتىش شەكلى ئارقىلىق كۈچلۈك خىتابلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

گۇناھسىز بىز، ئەيىبسىز بىز، بۇ شۇملار ئالدىدا قىلچە،
ۋە ياكى بىز ئۈنۈپ چىققان ئورۇپ تاشلاشقا چاققاقمۇ؟

جاھان تارىخىدا مەشھۇر ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،
قېلىشمايمىز بۇ شۇملاردىن، ئەمەسمىز ياكى ئاقساقمۇ.
(«ئىچ پۇشۇش»)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 5 . مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىكى ئوخشىتىشلار

مەتىمىن ھوشۇر بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. جۈملىدىن تىلى جانلىق، چۈشىنىشلىك، يۇمۇرلۇق. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئاساس ئاپتورنىڭ تۇرمۇشتىن ھەر خىل تىل ئامىللىرىنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ ئىگىلىگەنلىكىدىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىشكە ماھىرلىقىدا، جۈملىدىن ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى جايىدا قوللانغانلىقىدا. ئۇ ھېكايىلىرىدە ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى قېزىش، تەتقىق قىلىش بىزنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، جۈملىدىن ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن يەنىمۇ ئوبدان پايدىلىنىپ ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1) قوللانغان ئوخشىتىشلار مەزمۇن جەھەتتىن ئەسەر ۋەقەلىكلىرى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، قىياپەتلىرى، ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى بىلەن ناھايىتى زىچ ماسلاشقان بولۇپ، كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ.

يېزا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئوخشىتىشقا قىلىنغان شەيئىلەرمۇ شۇ يېزىدا تېپىلىدىغان، كىشىگە تونۇش بولغان

شەيئىلەردىن ئىبلىنغان. شەھەر تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولسا شۇ شەھەردىكىلەرگە بەلگىلىك بولغان شەيئىلەر ئوخشىغۇچى قىلىنغان. مەسىلەن، يېزا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلەردىكى ئوخشىتىشلارغا قاراپ باقايلى:

« مەن بۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا ئۇمۇ بىز تەرەپكە قارىغان ئىكەن، كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ قارا كۆزى كۈلۈپ تۇراتتى.»

(«نەي ئاۋازى» )

«جازالىنىشتىن قۇتۇلۇش يولى پەقەت سېنىڭ شۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشۇڭ ۋە بىزنىڭ ‹ئۆمۈرلۈك› دەپ ۋەدە قىلىشقان مۇھەببىتىمىزنىڭ لەيلىقازاقتەك تۇزۇپ كېتىشى بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، مەيلى، مەن سېنىڭ مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا رازى. »

(«ئاخىرقى سىناق»)

« ناخشىنىڭ ئەۋجى قىلىن قارىغايلار ئىچىدىن سىرغىپ ئېقىپ چىقىۋاتقان تاغ سۇلىرىدەك يېنىك ۋە دولقۇنلۇق ئىدى. »

(«گۈللىگەن دالا»)

بۇلاردا ئوخشىغۇچى قىلىپ ئىبلىنغانلىرى «بۇلاق، لەيلىقازاق، تاغ سۇلىرى» دېگەندەك يېزىدا دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىغان تەبىئىي شەيئىلەر بولۇپ، ئەسەر مەزمۇنى بىلەن زىچ جىپسىلىشىپ، كىشىگە تېخىمۇ كۈچلۈك يېقىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ.

مەلۇم پېرسوناژنىڭ قىياپەت، ھەرىكەتلىرى ئوخشىتىلماقچى بولسا، شۇ پېرسوناژنىڭ كەسپى، قىياپىتى، لەقىمى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان شەيئى، ھالەتلەر ئوخشىغۇچى قىلىنغان. مەسىلەن، «قىرلىق ئىستاكان» ھېكايىسىگە قاراپ باقايلى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



تۇرسۇننىڭ لەقىمى «تىكە»، شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەردە ئۇنىڭ ھەرىكەت-قىلىقلىرى تىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ:

«چىرايى كىچىك بالىنىڭكىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن يېشى ھەممىمىزنىڭكىدىن چوڭ. بالا ۋاقتىمىزدا ئۇ تىكىدەك سەكرەپ، ھەممىمىزنى باغمۇباغ باشلاپ يۈرىدىغان.»

«يىلاندەك تولغىنىپ، تىكىدەك سەكرەپ، باخشىدەك چۆرگىلەپ، بېشىچە تىك تۇرۇپ، دومبىسىدە پىرقىراپ، بىر دەمدىلا ھەممە ئادەمنى يىغىپتۇ.»

رەجەپنىڭ لەقىمى «تورپاق»، شۇڭا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەر كالىنىڭ ھەر خىل نامىلىرىدىن ئايرىلمايدۇ:

«ئانا سۈتىنىڭ خاسىيىتىمىكىن، مانا ھازىر ئۇ بويۇنلىرى بۇقىنىڭ بويىنىدەك قاتلىشىپ تۇرىدىغان يوغان ئادەم بولدى.»

«رەجەپ ئۇستاكانىنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىگە بىر قاراپ قويدى-دە، ئەتىيازدا ئەگىز سۈيى ئىچكەن كالىدەك غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى.»

رەجەپنىڭ كەسپى مەش-كاناي ياساش. ئاپتور ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تەسۋىرىنى شۇنىڭغا ماس ھالدا بېرىدۇ:

«رەجەپنىڭ تۇۋلىتىشىرىپ پاكارلاپ كەتكەن چېلەكتەك دىقماق ئايالى تولىمۇ مېھماندوست ...»

ئابدۇلنىڭ كەسپى تېرىچىلىك، شۇڭا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىر مۇنداق بېرىلىدۇ:

«ئابدۇل تېرىنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قالغان تېرىدەك پۈرۈلۈشكە باشلىدى.»

توخۇۋاز ھەققىدە يازغاندا بولسا مۇنداق يازىدۇ:

«بىر چاغدا ھېلىقى شاپ بۇرۇت يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ بايىقى ھەيۋىسى ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ توخۇ پەيلىرىدەك نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ.»

(«توخۇ باققۇچى»)

بايىلا «ئىت بولاي» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇغان شامىلنى مۇنداق يازىدۇ:

« شامىل ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، خۇددى بوسۇغىدا ياتقان ئىتتەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ...»

(«مۇساپىرلار قاۋىقىدا»)

دېمەك، ئاپتور ئوخشىتىشنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئوخشىغۇچىنى قويۇق تۇرمۇش قاتلىمىدىن، شۇ ۋەقەلىك يۈز بېرىۋاتقان جەريان، رايون دائىرىسىدىن ئىپلىشقا تىرىشقان، مۇناسىپ تۈردە ئەسەر تىلىنىڭ يۇمۇرىستىكىلىقىنى ئاشۇرغان.

2) ئوخشىتىش جەريانىغا شۇ پېرسوناژغا بولغان باھا، پوزىتسىيە، ھېسسىياتىنى جايىدا سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

ئاپتور ئۆزى ياخشى كۆرۈدىغان، سۆيۈنىدىغان، ئېسىل خىسلەتلىك پېرسوناژلىرىنىڭ قىياپەتلىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى چىرايلىق، يېقىملىق قىلىپ ئوخشىتىدۇ:

« ـــ مەرۇپ تاغا، سېنىغۇ تونۇيدۇ، بۇ مۇخبىر ئاكىمىزنى نەدىن تونىسۇن؟ ـ دېدى قىز ماڭقا قاراپ سەدەپتەك تەكشى چىشلىرىنى ئېچىپ. »

(«نەي ئاۋازى»)

« ئۇنىڭ ئېتىمۇ گۆھەر، ئۆزىمۇ گۆھەردەك ساپ قىز. »

(«نەي ئاۋازى»)

« مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزارغان قىزلار تۆۋەندىكى تۇمانلىشىپ تۇرغان بۇلاقلاردىن سۇ ئېلىپ كېلەتتى. »

(«سىناق»)

ئاپتور ئۆزى يامان كۆرۈدىغان ، ناچار، يىرگىنىشلىق قىلىقلارنى يۇقتۇرۇۋالغان پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتىنى بولسا، سەت، يىرگىنىشلىق، قوپال قىلىپ ئوخشىتىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



« ھېلىقى ئادەمنىڭ بىر قولى چولاق، پۇتلىرى سۇ چىقمىغان دۆڭدە ئۆسكەن قارىياغاچنىڭ شېخىدەك ئىنچىكە ۋە مايماق ئىكەن. جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي يۈزى داپتەك كەڭ، كاۋا يوپۇرمىقىدەك يوغان قۇلاقلىرى غەلىتە دادىيىپ تۇراتتى. ... كۆزۈمگە خۇددى يا جىنغا، يا ئادەمگە ئايلىنالماي ئوتتۇرىدا ئېزىپ قالغان بىر مەخلۇقتەك كۆرۈندى.»

(«قىرلىق ئىستاكان»)

« ئاستى ـ ئۈستى كالپۇكىنى ھېلىقى مايمۇنىنىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىدەك قىلىپ قىپقىزىل بويىۋاپتۇ. »

(«چار خوراز»)

« ئۇ دوستۇڭ يەنە يەڭدەك قاشلىقنى ئېتىپ، يۈزىنى پەرەڭدەك بوياپ، غىتىلداپ مېڭىپ، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىۋاتىدۇ. »

(«ئۆلۈككە خەت»)

« ئېرى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئايجامال باغلاقتىن بوشىغان تېكىدەك لىككىدە سەكرەپ ئۇنىئالغۇنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، غاچ ـ غۇچلا بىر لېنتىنى سېلىپ، ۋالىس مۇزىكىسىنى ياڭرىتىۋەتتى. »

(«دوستلار سۆھبىتى»)

« ئايجامال قوللىرىنى سانىڭ قانىتىدەك كېرىپ، قوپال گەۋدىسىنى كۆچەپ لىغىرلىتىپ، بىر قېشىنى ئاسمانغا، بىر قېشىنى يەرگە قىلىپ، ئۆينىڭ بوش قالغان يېرىنى ئالا قويماي دەسسىگىلى تۇردى. »

(«دوستلار سۆھبىتى»)

« راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىئالغۇدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئۆلارنىڭ قۇلىقىغا كالىلارنىڭ مۆرىشى، پاقىلارنىڭ كۇكىرىشى ۋە غازلارنىڭ غاقىلدىشىدىن ھاسىل بولغان غەلىتە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدەك ئاڭلاندى. »

(«ناخشا»)

بۇنداق ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

3) ئوخشىتىشلارنىڭ ھەجۋىي تۈسى ئىنتايىن كۈچلۈك.

مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ھەجۋىي تۈس ئالغان بولۇپ، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قوزغايدىغان ئوبرازلارنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىش بىلەن ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

« ئېرى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئايجامال باغلاقتىن بوشىغان تېكىمدەك لىككىدە سەكرەپ ئۇنئالغۇنىڭ يېنىغا باردى-دە، غاچ-غۇچلا بىر لېنتىنى سېلىپ، ۋالىس مۇزىكىسىنى ياڭرىتىۋەتتى. »

(«دوستلار سۆھبىتى»)

« ئايجامال قولىلىرىنى سانىڭ قانىتىدەك كېرىپ، قوپال گەۋدىسىنى كۈچەپ لىغىرلىتىپ، بىر قېشىنى ئاسمانغا، بىر قېشىنى يەرگە قىلىپ، ئۆينىڭ بوش قالغان يەرلىرىنى ئالا قويماي دەسسىگىلى تۇردى. »

(«دوستلار سۆھبىتى»)

« يائاللا، دوختۇر مۇنداق مۇزدەك خوتۇن بىلەن قانداقمۇ بىر ئورۇندا ياتار، دەپ قالدىم. »

(«ئالتۇن چىشلىق ئىت»)

« ئۇ راستىنلا توڭلاتقۇدا ساقلىغان گۆشتەك كۆكىرىپلا تۇرىدىغان خوتۇن ئىكەن.»

(«ئالتۇن چىشلىق ئىت»)

« ئاستى-ئۇستى كالپۇكىنى ھېلىقى مايمۇننىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىدەك قىلىپ قىپ-قىزىل بوياۋاپتۇ. »

(«ئالتۇن چىشلىق ئىت»)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئوخشىتىشلارغا ئوخشىغۇچى قىلىپ ئېلىنغان شەيئىلەر بىلەن ئوخشالغۇچىنىڭ ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى ئىنچىكە چوڭقۇر ھەجۋىي قىلىش، مەسخىرە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ قىياپەت، ھەرىكەتلىرى خۇددى ھەجۋىي رەسىملەردىكىدەك كۆپتۈرۈپ، ھەجۋىيلەشتۈرۈپ ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىش بىلەن تەڭ ئاپتورنىڭ شۇ ئەسەرلەردىكى سەلبىي پېرسوناژلارغا بولغان نەپرىتى، مەسخىرىسى قوشۇپ ئىپادىلەنگەن. بۇ ئوخشىتىشلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ كۆلكىسىنى قوزغايدىغان ھەجۋىي كۆرۈنۈشلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەر بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىگە سەلبىي جەھەتتىن چوڭقۇر تەربىيە بېرىدۇ.

4) ئوخشىتىشنىڭ قوللىنىش نىسبىتى يۇقىرى، قوللىنىلغان ئوخشىتىش تۈرلىرى كۆپ.

مەتىمىن ھوشۇر ئوخشىتىشنىڭ مەيلى ئاساسىي تۈرى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى يېڭى بايقىلىۋاتقان شاخلانما تۈرلىرى جەھەتتىن بولسۇن نۇرغۇن تۈرلەرنى قوللانغان. يەنە كېلىپ ئوخشىتىش قېتىم سانىمۇ بىر قەدەر كۆپ، بەزىدە بىر ئوخشاتقاندا ئۇدا بىر نەچچە ئوخشىتىشنى قاتار كەلتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

ئەڭ كۆپ قوللانغىنى ئېنىق ئوخشىتىش، ئۇندىن باشقا مېتافورا (يوشۇرۇن ئوخشىتىش)، ئىستىئارە (ۋەكىللىك ئوخشىتىش) شەكىللىرىدىنمۇ مۇۋاپىق پايدىلانغان. ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنىلا قوللىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە شاخلانما تۈرلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى قوللىنىپ، ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي كۈچىنى مۇناسىپ ھالدا ئاشۇرغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كەم ئۇچرايدىغان ئۆزئارا ئوخشىتىش، تەتۈر ئوخشىتىش، تاللانما ئوخشىتىش شەكىللىرىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە قوللىنىلغان.

« بەزىلەر: ھېلىقى قوماندان ئادەم يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ ئادەمگە ئايلىنىۋاتقان چوشقا ئىكەن، دېسە؛ يەنە بەزىلەر: چوشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ چوشقىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان ئادەمكەن، دېيىشەتتى. »

(«چوشقىلارغا بايرام»)

بۇ مىسالدا ئاۋۋال ئادەم چوشقىغا ئوخشىتىلسا، ئارقىدىنلا چوشقا ئادەمگە ئوخشىتىلىدۇ. بىرىنچى ئوخشىتىشتىكى ئوخشالغۇچى ئىككىنچى ئوخشىتىشتا ئوخشىغۇچى ئورنىغا، بىرىنچى ئوخشىتىشتىكى ئوخشىغۇچى ئىككىنچى ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى ئورنىغا قويۇلغان.

« ــ قاغا دېگەن ئاسماندا ئۇچماي، سىزگە ئوخشاش ئوردا ئىچىدە يۇگۇرۇپ يۇرىدۇ، دېيۋىدىڭىزمۇ؟ »

(«شاھ ۋە قاغا»)

بۇ ئوخشىتىشتا، قارىماققا قاغا ئادەمگە ئوخشىتىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ماھىيەتتە بۇ يەردە ئادەم قاغىغا ئوخشىتىلىۋاتىدۇ.

« ــ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىم بارلىق دەسمايىسىنى يىغىپ تاۋۇكاغا قاراپ ماڭغان قىمارۋازنىڭ، ھالىغا باقماي شامال تۇگمىنىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان دونكىخوتنىڭ ياكى ياۋروپادىن يېڭى قىتئەگە ئىزدەپ يولغا چىققان بىر تەۋەككۇلچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. »

(«ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس»)

بۇ مىسالدا، ئەسەردىكى باش قەھرىماننىڭ چوڭ ئىشلار ئۇچۇن سەپەرگە ئاتلانغان چاغدىكى ئەھۋالى «ھالىغا باقماي شامال تۇگمىنىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان دونكىخوتنىڭ ئەھۋالى»غا ياكى «ياۋروپادىن يېڭى قىتئەگە ئىزدەپ يولغا چىققان بىر تەۋەككۇلچىنىڭ ئەھۋالى»غا تاللاپ ئوخشىتىلغان. «يا ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، يا بۇنىڭغا ئوخشايدۇ» شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرىنى تاللاش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلايدۇ. كىتابخانلارغا ئۆزلىرىنىڭ تونۇش دائىرىسى ئاساسىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرىنى تاللاپ، ئوخشالغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

دېمەك، مەتتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدە قوللىنىلغان ئوخشىتىشلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ماسلىشىدىغانلىقى، يىقىشلىقلىقى، ئاپتور ھېسسىياتىنىڭ مۇۋاپىق سىڭدۈرۈلگەنلىكى، ھەجۋىي تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قوللىنىلغان تۇرلىرىنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىرنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

# 6. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى ئوخشىتىشلار

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ، ھەرقايسى تۈرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ مولluقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەپەككۇرى بىلەن قوشاق، ئەپسانە-رىۋايەت، چۆچەك، لەتىپە-چاقچاقلىرىدا نۇرغۇن ياخشى، ئۇنۇملۇك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كەلدى. جۈملىدىن، ئوخشىتىشلارمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قايسىلا ژانىرىغا قارىمايلى، ئوخشىتىشنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

مەسىلەن، ئارسلان ئابدۇللا «قومۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە» («مىراس» ژۇرنىلى 1993-يىل 3-سان) ناملىق ماقالىسىدا قومۇل خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم مۇھەببەت قوشاقلىرىغا ئوخشىتىشنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقى، ئوخشىتىشلىرىنىڭ رەڭدار، جانلىق، ئوبرازلىق ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

**ئېنىق ئوخشىتىش**

قوللىرى ئالتۇن چۆكۈشتەك،
بويلىرى تالدەك يارىم.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
سىز تولۇن ئايدەك يارىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يۈرىكىم غەلۋىرگە ئوخشاش،
قويسىلا تۇرماس تېرىق.
شۇنچە جاراھەتلەر بىلەن،
يارنىڭ چىرايى ساپ ــ سېرىق.

مانا بۇ مىساللارنىڭ بىرىنچىسىدە ئوخشالغۇچىلار بىلەن ئوخشىغۇچىلار، يەنى «قول» بىلەن «ئالتۇن چۆكۈش»، «بوي» بىلەن «تال»، «سىز» بىلەن «تولۇن ئاي» ئوخشىتىش قوشۇمچىسى «دەك» ئارقىلىق؛ ئىككىنچى مىسالدا، ئوخشالغۇچى «يۈرەك» بىلەن ئوخشىغۇچى «غەلۋىر» ئوخشىتىش سۆزى «ئوخشاش» ئارقىلىق باغلىنىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

**يوشۇرۇن ئوخشىتىش**

ئاتالىقلار ــ ئانالىقلار،
دەستە ــ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلار ــ ئاناسىزلار،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

تال ئىچىدىن تاللىۋالغان،
تال چوكىنىم سەن يارىم.
گۈل ئىچىدىن خىللىۋالغان،
گۈلى رەيھانىم سەن يارىم.

بۇ مىساللاردىكى «ئاتالىقلار ــ ئانالىقلار»، «ئاتاسىزلار ــ ئاناسىزلار»، «سەن» دېگەنلەر ئوخشالغۇچى، «گۈل»، «كۈل»، «تال چوكىنى»، «گۈلى رەيھان» دېگەنلەر ئوخشىغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئېنىق ئوخشىتىشلاردىكىدەك ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىسى بىلەن باغلانمىغان ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتى بىر قەدەر يوشۇرۇن بولۇپ، ھۆكۈم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

**ۋەكىللىك ئوخشىتىش**

ئوك قاناتىم سۇندى مېنىڭ،
يالغۇز قانات ئۇچماس ئاسان.
مۇشكۇللىرىم كۆپتۇر مېنىڭ،
ئەمدى بولمايدۇ ئاسان.

يالغۇزۇ، يالغۇز تېرەكنىڭ،
يانىدا ئاي ياتىدۇ.
مىڭ تىكەننىڭ دەردىنى،
بىر گۈل ئۇچۇن يار تارتىدۇ.

بۇ مىساللارنىڭ ئالدىنقىسىدا، «مەن»نىڭ ئەڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بولغان ئاتىسىدىن ئايرىلغانلىقى، تەنها ئانىسى بىلەن قالغان بالىنىڭ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىشى ئاسانغا توختىمايدىغانلىقى، كېيىنكىسىدە، ئىشق ئەھلى ئۆز مەھبۇبىسى ئۇچۇن نۇرغۇنلىغان رەقىبلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە تاقابىل تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوخشالغۇچىلار قىسقارتىلغان ۋە ئۇلارغا ھەرقايىسى مىساللاردىكى ئوخشىغۇچىلار ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان.

**ئوخشىتىشلارنىڭ شاخلانما تۈرلىرى**

**نەقىللىق ئوخشىتىش**

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ھىجىيىپ تۇرغان بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



مېتافورانى قوللىغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى ئارىستوتېل ( Aristotle مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384 ـ يىلىدىن 322 ـ يىلىغىچە ياشىغان، قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى ۋە ئالىمى)، كۋىنتىلىئان (تولۇق ئىسمى ماركوس فېبىئۇس كۋىنتىلىئان، Marcus Fabius Quintillian، تەخمىنەن مىلادى 35 ـ يىلىدىن 95 ـ يىلىغىچە ياشىغان، رىم ئىستىلىستىكىچىسى)، فونتانىئېر (P. Fontanier، 19 ـ ئەسىردە ياشىغان، فرانسىيىلىك تىلشۇناس)، رىچارد ۋېيتلى ( Richard Whately، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەنگلىيىلىك لوگىكىشۇناس)، جاكوبسون (تولۇق ئىسمى رومان ئوسىپوۋىچ جاكوبسون، Roman Osipovich Jakobson، 1896 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە ياشىغان، 20 ـ ئەسىر تىلشۇناسلىقىنىڭ باشلامچىسى، روسىيىدە تۇغۇلۇپ، 1920 ـ يىلىدىن باشلاپ ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتلەردە بولغان، 1941 ـ يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكىدا تۇرغان)، بلەك (M. Black، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1962 ـ يىلى «ئۇلگىلەر ۋە مېتافورا» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان)، رىكوئېر (P. Ricoeur، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1977 ـ يىلى «مېتافورانىڭ قانۇنىيىتى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان)، گ. لەكئوف (G. Lakoff، ھازىرقى زامان ئامېرىكا تىلشۇناسى، 1989 ـ يىلى ئۇنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى سوغۇققان ئىدراك: شېئىريي مېتافورا قوللانمىسى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان) ۋە م. جونسون ( M. Johnson، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1980 ـ يىلى «مېتافورا مەسىلىلىرىگە قارىتا تارىخىي تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى شەخسلەرنىڭ مېتافورا ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە بايانلىرى غەربنىڭ مېتافورا تەتقىقات تارىخىنى شەكىللەندۈردى.

تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، غەربنىڭ مېتافورا تەتقىقاتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

① مېتافورانىڭ ئىستىلىستىكا دائىرىسىدىكى تەتقىقاتى.

قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ،
پوستى تولا، يار سەنەم.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ،
دوستى تولا، يار سەنەم.

بۇ مىساللارنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسرالىرى ئوخشىغۇچى ئورنىدا كەلگەن نەقىللەر بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق كېيىنكى مىسرالاردىكى ئوي ـ پىكىر، يەنى ئوخشالغۇچىلار تېخىمۇ كونكرېت، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

نەقىللىق ئوخشىتىش ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئوخشىتىش تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، پەند ـ نەسىھەت مەزمۇن قىلىنغان «پاناھ بىرىڭ خۇدايىم» دېگەن قوشاقتا باشتىن ـ ئاخىر دېگۈدەك مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلغان. مەسىلەن:

مىتە چۇشكەن ئاشلىقتىن،
گېپى تولا باشلىقتىن،
پاناھ بىرىڭ خۇدايىم.

چىگىت ئايلاش پاختىدىن،
گەپ خالتىسى ساختىدىن،
پاناھ بىرىڭ خۇدايىم.

تىغى ئۆتمەس رەندىدىن،
بىلىمى يوق بەندىدىن،
پاناھ بىرىڭ خۇدايىم.

مەيدە ئاغرىتقان لەڭپۇڭدىن،
تولا ماڭدۇرغان سەيپۇڭدىن،
پاناھ بىرىڭ خۇدايىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چېكىنمە ئوخشىتىش

ئايغىر ئاتنىڭ يايلىدەك،
ئالمىخاننىڭ چاچلىرى.
يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئەگىم ـ ئەگىم قاشلىرى.

ئاخشام چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئاي مۇبارەك يۈزلىرى.
سەھەر چىققان كۈنگە ئوخشاش،
ئوتلۇق ـ ئوتلۇق كۆزلىرى.
مەككىنىڭ مېھرابىدەك،
ئىككى قارا قاشلىرى.

تەۋەلىك ئوخشىتىش

شەرۇللا خېنىم مايىللىشۇر،
ئىككى قاشىغا.
قاش يايى، كىرپىك ئوقى،
تۇرسا ئاتارغا.

مەن تېخى قېرىمىدىم،
قېرىدى دەيدۇ بىراۋ.
يىگىتلىك شەبنەمىدىن،
بېشىمغا چۈشكەن بۇ قىراۋ.

بۇ مىساللاردىكى «قاش، كىرپىك، يىگىتلىك» دېگەن ئوخشىغۇچىلار تەۋەلىگۈچى ئورنىدا، «يايى، ئوق، شەبنەم» دېگەن ئوخشىغۇچىلار تەۋەلەنگۈچى ئورنىدا كەلگەن.

سىلىشتۇرما ئوخشىتىش

ئايدىن يورۇق يۈزىڭىز،
كۈندىن نۇرلۇق كۆزىڭىز.
مەن سىزگە ئاشىق ئەمەس،
ئىندىۋالغان ئۆزىڭىز.

بۇ مىسالدىكى «يۈز، كۆز» دېگەنلەر ئوخشالغۇچى، «ئاي، كۈن» دېگەنلەر ئوخشىغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئوخشىتىلغاندىن باشقا، ئوخشاشلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن، يەنى «يورۇقلۇق، نۇرانىلىق» جەھەتتىن سىلىشتۇرۇلغان.

سەن ئېلىپتەك ئۆتتۇر بولساڭ،
ھېچ بالا يوقتۇر ساڭا.
لام ئېلىپتەك ئەگرى بولساڭ،
مىڭ بالا باردۇر ساڭا.

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسىز.
ئۈچلاپ قويغان ئۈن دەپتىمەن،
كېپەك ئىكەنسىز.

بىرىنچى كۇپلېتتا، ئوخشالغۇچى «سەن» بىرلا ۋاقىتتا «ئېلىپ، لام ئېلىپ» دېگەن ئوخشىغۇچىلارغا ئوخشىتىلغان ۋە بۇ ئوخشىغۇچىلار «ئەگرى» ۋە «تۈز»لىكىدىن ئىبارەت قارىمۇقارشى خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن سىلىشتۇرۇلغان. ئىككىنچى كۇپلېتتا، ئوخشالغۇچى «سىز» بىرلا ۋاقىتتا «تال، تېرەك، ئۈچلاپ قويغان ئۈن، كېپەك» دېگەنلەردىن ئىبارەت تۆت ئوخشىغۇچىغا ئوخشىتىلغان ۋە «تال» بىلەن «تېرەك»، «ئۈچلاپ قويغان ئۈن» بىلەن «كېپەك» ئۆزئارا قارىمۇقارشى قويۇلۇپ، قارىمۇقارشىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن سىلىشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



**تەكرار ئوخشىتىش**

تەكرار ئوخشىتىشلار ئۆز تەركىبىدىكى ئوخشىغۇچى شەيئىلەرنىڭ ئەينى بىر تۇرگە تەئەللۇق بولۇش-بولماسلىقىغا قاراپ، تۇرداش ئوخشىتىش ۋە تۇرسىز ئوخشىتىش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

1) تۇرداش ئوخشىتىش

تال ئىچىدىن تاللىۋالدىم،
تالى چوكانىم سىنى.
گۇل ئىچىدىن خىللىۋالدىم،
گۇلى رەيھانىم سىنى.

ئاپئاققىنە چىشلىرى،
ئۈنچە بىلەن مارجاندۇر.
ئويناپ، كۇلۇپ يۇرگەنلىرى،
خويمۇ كاتتا سۇلتاندۇر.

بىرىنچى كۇپلېتتا، ئوخشالغۇچى «سەن» ئۆسۈملۈك تۇرىگە كىرىدىغان «تال چوكىنى، گۇلى رەيھان» دىگەن شەيئىلەرگە، ئىككىنچى كۇپلېتتا، ئوخشالغۇچى «چىش» قىممەت باھالىق تاش تۇرىگە كىرىدىغان «ئۈنچە، مارجان» دىگەن شەيئىلەرگە ئوخشىتىلغان.

2) تۇرسىز ئوخشىتىش

سەن مىنىڭ ناۋايىم سەن،
بوينۇمدا تۇمارىم سەن.
قاراڭغۇ كىچىلەردە،
ياندۇرغان چىراغىم سەن.

ئىسىۋالسام تۇمار يىگىت،
تاغقا چىقسام دۇلدۇل يىگىت.

باغقا كىرسەم بۇلبۇل يىگىت،
پۈرىۋالسام بىر گۈل يىگىت.

بىرىنچى كۇپلېتتا، ئوخشالغۇچى «سەن» ئايرىم - ئايرىم تۈرلەرگە تەۋە بولغان «ناۋا، تۇمار، چىراغ» قاتارلىق ئوخشىغۇچى شەيئىلەر ئارقىلىق «مەن»نىڭ «سەن»گە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ - مۇھەببىتى ئوخشىمايدىغان نۇقتىلاردىن، يەنى ئاۋاز، مەنىۋى ھەمراھلىق، يورۇقلۇق جەھەتلەردىن ناھايىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. ئىككىنچى كۇپلېتتا، «يىگىت» دېگەن بۇ ئوخشالغۇچى «تۇمار، دۇلدۇل، بۇلبۇل، گۈل» دېگەن ئوخشىغۇچىلار ئارقىلىق ئوخشىمايدىغان نۇقتىلاردىن ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن.

چاتما ئوخشىتىش

ئا. تام بېشىدا ئولتۇرادۇر،
شاخشا بويلۇق شاھ يىگىت.
ئالما بەرسە ئېلىنمايدۇ،
بويلىرى ئالتۇن يىگىت.

بويلىرى ئالتۇن يىگىتنىڭ،
سۇرىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر يېغىپتۇ،
يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلدى،
ئالا ئاتلىقىم.
كالامۇللا غەرىكىدەك،
كۆزى قاتلىقىم.
پېشانە ئۈزۈم شەربىتىدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆزى تاتلىقىم.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
دىلى شادلىقىم.
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم،
قەلەم قاشلىقىم.

ب. يۈزىكى يالقۇن ئىكەن،
يۈزلىرى گۈلخان ئىكەن.
تال چىۋىقتەك بەللىرى،
جامالى ئايغا تەڭ ئىكەن.

س. چاچ سىلىپلا توقماقتەك،
قاش قويۇپلا بىلەكتەك.
خويمۇ ئوبدان سەمىرىپلا،
كونجۇت يېگەن ئىنەكتەك.

بىرىنچى مىسالدا، يىگىت تويى بولغان يىگىت تەرىپلەنگەن بولۇپ، يىگىتنىڭ سۆيەتلىرى ئايرىم-ئايرىم نۇقتىلار بويىچە باشقا-باشقا شەيئىلەرگە ئوخشىتىلىش ئارقىلىق ناھايىتى كونكرېت ھەم ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. يەنى، يىگىتنىڭ بويى (قامىتى) «تال ۋە ئالتۇن»غا، سۈرىتى (تەقى-تۇرقى) «سۇلتان»غا، يۈزى (چىرايى) «ئاي ۋە گۈل» گە، كۆز قېتى «كالامۇللا ۋارىقى»غا، سۆزلىرى «ئۈزۈم شەربىتى»گە، شادلىقى (خۇش-خۇيلۇقى) «قايناپ تۇرغان بۇلاق»قا، قېشى «قەلەم»گە ئوخشىتىلغان. ئىككىنچى مىسالدا، يىگىت تويى بولغان قىز تەرىپلەنگەن بولۇپ، يۈرىكى (مۇھەببىتى ياكى جۇشقۇنلۇقى) «يالقۇن»غا، يۈزى (نۇرانىلىقى) «گۈلخان»غا، بەللىرى «تال چىۋىق»قا، جامالى «ئاي»غا ئوخشىتىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۈچىنچى مىسالدا، قىز-چوكانلار ھەجۋىي قىلىنغان بولۇپ، چېچى «توقماق»قا، قېشى «بىلەك»كە، قامىتى «ئىنەك»كە ئوخشىتىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ئىنكار ئوخشىتىش

يۈرىكىم چايجۆش ئەمەس،
سۈنى قۇيۇپ قايناتقىلى.
مەن ئۆزۈم ئۇخلاق ئەمەس،
يارلار كېلىپ ئويغاتقىلى.

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى.
ئايدا ـ يىلدا بىر كېلۇرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

بىرىنچى كۇپلېتتا، ئوخشالغۇچى «يۈرەك» ئىنكار شەكىل ئارقىلىق «چايجۆش» (تۇچتا ياسالغان ئاپتۇۋىسمان چاي چۆگۈنى)كە ئوخشىتىلىپ، ئىشق ئەھلىنىڭ باشقا بىراۋنىڭ ئۇندىشى ياكى تۈرتكىسىسىزمۇ ئۆز مەھبۇبىغا ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن ئىنتىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. ئىككىنچى كۇپلېتتا، ئوخشالغۇچى «مەن» ئىنكار شەكىل ئارقىلىق «كۆك كەپتەر»گە ئوخشىتىلىپ، «مەن»نىڭ ئۆز يارىنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەسلىكتە كەلگەنلىكى ۋە يار جامالىغا تەشنالىقى، يارىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىگە ئېرىشىش ئارزۇسى تەسۋىرلەنگەن.

تەستىقىي ـ ئىنكار ئوخشىتىش

ئېتىكىمگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس، ياشىم مېنىڭ.
ئاقىۋەت يار كويىدا،
كەتكۈدەك باشىم مېنىڭ.

مانا بۇ مىسالدا «ياش»تىن ئىبارەت بۇ ئوخشالغۇچى چېكىنمە ئوخشىتىش يولى بىلەن ئاۋۋال «قان»غا ئوخشىتىلىپ، ئاندىن ئىنكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىنغان.

تەستىقىي ـ ئىنكار ئوخشىتىشلارنىڭ بەزىلىرىدە ئوخشالغۇچى ئاۋۋال مەلۇم بىر شەيئىگە ئوخشىتىلىپ، ئاندىن ئىنكار قىلىنىدۇ ۋە يەنە بىر شەيئىگە ئوخشىتىلىدۇ. بۇنداق ئوخشىتىشلاردا ئىككى تەستىقىي ئوخشىتىش، بىر ئىنكار ئوخشىتىش بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاخشام بولسا ئۆي ـ ئۆيلەردە،
چىراغ كۆيەدۇر.
چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەدۇر.

بۇ مىسالدا ئوخشالغۇچى شەيئى «يۈرەك» ئاۋۋال «چىراغ»قا ئوخشىتىلىپ، ئاندىن ئىنكار قىلىنغان ۋە يەنە «ئوت»قا ئوخشىتىلغان.

يەنە بەزى ئوخشىتىشلاردا، ئوخشالغۇچى شەيئى مەلۇم بىر شەيئىگە ئوخشىتىلىپ، ئاندىن ئوخشىغۇچىسى بىلەن مەلۇم بىر ئوخشاشلىقى بولغان باشقا بىر شەيئى بىلەن بىرلىكتە ئىنكار قىلىنىدۇ. بۇنداق ئوخشىتىشلاردا تەستىقىي ئوخشىتىش بىر، ئىنكار ئوخشىتىش ئىككى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىشىك ئېچىپ تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
ئاي ئەمەس، كۈنمۇ ئەمەس،
بىزنىڭ يارلار ئولتۇرۇر.

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «يار» ئاۋۋال «ئاي»غا ئوخشىتىلىپ، ئاندىن ئوخشىغۇچى «كۈن» بىلەن بىرلىكتە ئىنكار قىلىنغان.

**كېڭەيمە ئوخشىتىش**

يامغۇر بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
قۇملۇق بولۇپ تۇراي خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم،
بېلىق بولۇپ ئۈزەي خېنىم.

چىراغ بولۇپ يانساڭ خېنىم،
پىلىك بولۇپ كۆيەي خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
زەرگەر بولۇپ سىلاي خېنىم.
ئورمان بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
غازاڭ بولۇپ ئۇچاي خېنىم.

مانا بۇ بېيىتتە، ئىككىدىن ئوخشىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېڭەيمە ئوخشىتىشتىن جەمئىي بەشى بولۇپ، ھەربىرىنىڭ تەركىبىدىكى كېيىنكى ئوخشىتىشلار ئالدىنقىلىرى ئاساسىدا كېڭەيگەن. ئالايلۇق، ئىككىنچى كۇپلېتتىكى ئوخشىتىشتا ئەگەر ئوخشالغۇچى شەيئى «خېنىم»نىڭ «يامغۇر»غا ئوخشىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت بولمىسا، «مەن»نىڭ «قۇملۇق»قا ئوخشىتىلىشى مەۋجۇت بولمايدۇ. كېيىنكى ئوخشىتىشلاردىكى «دەريا» بىلەن «بېلىق»، «چىراغ» بىلەن «پىلىك»، «ئالتۇن» بىلەن «زەرگەر»، «ئورمان» بىلەن «غازاڭ» قاتارلىق ئوخشىغۇچىلارمۇ ئەنە شۇنداق شەرتلىشىدىغان ۋە تولۇقلىنىدىغان مۇناسىۋەتتە كەلگەن.

كېڭەيمە ئوخشىتىشنىڭ بەزىلىرىدە ئۈچتىن ئوخشىتىش بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاللا يارىم، سەن كېۋەز بول،
مەن يوگەي بولاي.
ئىرمالىشىپ ـ چىرمالىشىپ،
شاخىڭغا قوناي.

بۇ مىسالدا، «سەن» دېگەن ئوخشالغۇچى «كېۋەز»گە ئوخشىتىلغانلىقى ئۈچۈن «مەن» — «يوگەي» دېگەن ئوخشىتىش شەكىللەنگەن ۋە «سەن»نىڭ گەۋدىسى «شاخ» قا ئوخشىتىلغان.

بۇ قوشاقلاردا خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

يوقىرىقىغا ئوخشاش مەيلى قايسى رايوننىڭ قايسى دەۋردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



قوشاقلىرى ياكى باشقا ژانىردىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە بولسۇن ئوخشىتىشلارنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرەلەيمىز.

# §3 ئۇيغۇر تىلى ئوخشىتىش نەزەرىيىسى

## 1. ئوخشىتىش ۋە ئۇنىڭ ئامىللىرى

بىر شەيئىنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنە بىر شەيئىنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئېنىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەشتەك ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشىتىشتا، ئالدى بىلەن ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولىدۇ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى ئوبرازلىق، ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئىككى شەيئى بولۇشىمۇ ياكى شەيئىنىڭ نوقۇل ھالىدىكى ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىياپىتى، ھالىتى، ھەرىكىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شەيئى كونكرېت شەيئى بولۇشىمۇ، ئابستراكت شەيئى ياكى ئۇقۇم بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئىككى تەرەپ ھەرگىزمۇ بىر نەرسە بولمايدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن بولسىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئۇ دادىسىغا بەك ئوخشايدۇ.» دېسەك، بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق كۆرسىتىلىۋاتىدۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ھەرگىزمۇ ئوخشىتىش بولالمايدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پەرق بولۇشى كېرەك. بۇ پەرق يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك ئىككى تەرەپنىڭ بىر شەيئى بولماسلىقى ياكى ئوخشاشلىقلىرىنىڭ بەك كۆپ بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بولۇشى لازىم، ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولمىسا ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ئوخشاشلىق نۇقتىسى ئوخشىتىشنىڭ يەنە بىر ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. بەزى شەيئىلەردىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسىنى دەرھال كۆرۈپ يېتىش قىيىن. بەزىلىرىدە ھەتتا قارىماققا ھېچقانداق ئوخشاش نۇقتا بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئاپتور تەسەۋۋۇر، باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق باغلىنىش ھاسىل قىلىپ، بىزنى ئىشەندۈرەلىسىلا بۇنداق ئوخشاشلىق نۇقتىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

ئوخشىتىشتا، يەنە ئوخشىتىش سۆزلىرى بولىدۇ، ئوخشىتىش سۆزلىرى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنى گرامماتىكا جەھەتتىن باغلاش، بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىتىش سۆزلىرى بىرقەدەر كۆپ. كۆپرەك قوللىنىدىغانلىرىدىن «خۇددى، گويا، بەجايىكى، ئوخشاش، مىسلى، مىسالى، تەمسىلى، تىمسال، كەبى، بەئەينى، ئەينى، سىياق، سىمان، سۈپەت......» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «-دەك، -تەك» قوشۇمچىلىرىمۇ يۇقىرىقى ئوخشىتىش سۆزلىرى بىلەن بىرگە ياكى ئۆز ئالدىغا ئوخشىغۇچىغا ئۇلىنىپ كېلىپ ئوخشاشلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆۋەندىكى مىسالغا قارايلى:

« ئاسمان بويلاپ ئۇچقان قاتار-قاتار غازلار بىلەن ھاڭغوت ۋە تورنىلارنىڭ قارىق-قۇرۇقلىغان ئاۋازى ۋە باغ-ۋارانلاردا چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئۈنلىرى بەئەينى تەبىئەت دۇنياسىنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىشقا چېلىنىۋاتقان نەغمىدەك تۇيۇلاتتى. »

(تۇردى سامساق: «خۇشاللىق» ھېكايىسى)

بۇ مىسالدا ئوخشىتىش سۆزى «بەئەينى» بىلەن ئوخشىغۇچى «نەغمە»گە ئۇلانغان ئوخشىتىش قوشۇمچىسى «دەك» ماس ھالدا تەڭ قوللىنىلىپ، ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشلاردا يەنە يۇقىرىقىلاردىن باشقا شۇ دەۋر

تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بەزى ئوخشىتىش سۆزى ۋە ئوخشىتىش قوشۇمچىلىرىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن ئېلىنغان مىساللاردىن ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن «چا\ چە، تەگ (دەك\ تەك)» لەردىن باشقا يەنە «ئۇ» قوشۇمچىسىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

« كۈن يەمە، تۈن يەمە يەلۇ باردىمىز. »

( كۈندۈزنى كۈندۈز دىمەي، تۈننى تۈن دىمەي شامالدەك تېز يۈردۈق.)

(«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، شىمال تەرەپ، 27- قۇر )

ئومۇمەن، ئوخشىتىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللارنى ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشاشلىق نۇقتا ۋە ئوخشىتىش سۆزىدىن ئىبارەت تۆتكە ئايرىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كونتېكىستتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەھۋالدا ئوخشىغۇچى ئاشكارا كۆرۈنىدۇ. بەزىدە ئوخشىغۇچى كۆرۈنمەستىن ئوخشىغۇچىدىكى شەيئىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ھەرىكەت پېئىل شەكلىدە كۆرۈنۈشى مۇمكىن، مەسىلەن:

« مۇنداق چاغلاردا يىراقتىن قارىغان ئادەمگە توختى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بۇلۇتلار ئىچىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. »

( مەمتىمىن ھوشۇر: «بۇ چۇش ئەمەس» )

بۇنىڭغا قاراپ ئوخشىغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەرھال بايقىۋالغىلى بولىدۇ. ئوخشالغۇچى بەزىدە يوشۇرۇن كېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئىي. ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولمىسا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، چوقۇم ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى ئوخشاشلىق نۇقتا تەبىئىي ئوخشاش نۇقتا بولۇشىمۇ؛ قىياس، تەسەۋۋۇردىكى ئوخشاش نۇقتا بولۇشىمۇ؛ ھەتتا ئىنكار قىلىنىدىغان ئوخشاش نۇقتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ھامان ئاز دېگەندە بىر ئورتاق نۇقتا بولىدۇ. لېكىن، ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ ئازراق بولغىنى ياخشى، ئوخشاشلىق بەك كۆپ بولۇپ كەتسە بۇ ئىككى شەيئىنىڭ يېقىنلىق دەرىجىسى ئېشىپ كېتىپ، بىر تۈردىكى شەيئى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەتتا بىر شەيئى بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئوخشىتىش زۆرۈرىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ كىشىلەرگە تونۇشلۇق نەرسە بولۇپ قېلىپ، ئوخشىتىش يېڭى، ئۆزگىچە تۈس ئالالمايدۇ. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈركى ئوخشىتىش سۆزى بەزىدە ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە ئىشلىتىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

كەڭ مەنىدىكى ئوخشىتىشنىڭ بىر تۈرى بولغان مېتافورادىمۇ ئۆزىگە لايىق مېتافورا سۆزلىرى بولىدۇ، ئۇمۇ بەزىدە كۆرۈلىدۇ، بەزىدە كۆرۈلمەيدۇ. مەسىلەن، «دۇر، تۇر» دېگەندەك ياردەمچى پېئىللار. مەسىلەن: «ۋەتەن ئانىدۇر.» دېسەك، بۇنىڭدا «دۇر» سۆزى ئوخشىتىش سۆزى بولۇپ كەلگەن.

## 2. ئوخشىتىشنىڭ ئاساسلىرى

ئوخشىتىش تىلىمىزدىكى بىر مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بىزنىڭ تىلىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىمىز بەلگىلىك دەرىجىدە ئاساس بولىدۇ. كونكرېت ئەھۋال زادى قانداق؟ بىز تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1) ئوخشىتىشنىڭ تىل ئاساسى

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش ۋە تەپەككۇر قىلىش قورالى. شۇ جۈملىدىن، ئوخشىتىشمۇ ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ بىر خىل شەكلى. ئوخشىتىش تەسەۋۋۇر ۋە باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىككى شەيئى ياكى ھادىسە ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق باغلىنىشى ياسايدۇ. بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇردا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تەپەككۇر تىلنى ۋاستە قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئوخشىتىشمۇ مۇناسىپ ھالدا تىل ئامىللىرىنى ۋاستە قىلىپ مەيدانغا كېلىدۇ ۋە تىل ئامىللىرىنىڭ ياردىمىدە ئالاقە جەريانىدا قوللىنىلىدۇ. تىل ئوخشىتىشنىڭ ئەڭ زور ئاساسى. تىل بولمىسا نورمال ئالاقىدە بىز ئېيتىۋاتقان ئوخشىتىشتىن سۆز ئېچىش قىيىن. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلى مەۋجۇت بولغاچقىلا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تىلى سۆز بايلىقى جەھەتتە قانچە باي، ئىپادىلەش ئۇنۇمى جەھەتتە قانچە ئىنچىكە، نازۇك ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشكە قانچە ماس كەلسە، شۇ تىلدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى، نەپىس، گۈزەل بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئوخشىتىشنى قوللانغۇچى شەخسنىڭ تىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بايلىقى قانچە مول بولسا، ئۇ ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىشتا شۇنچە كەڭرى ئىمكانىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنىڭ ئوخشىتىشلاردىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى كەمرەك بولىدۇ.

تىلنىڭ تاشقى پوستى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوخشىتىشلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشاش بىر ئوخشىتىشنىڭ ئۆزى ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش قوشۇمچىسى قاتارلىق ئامىللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئوخشاشلىق نۇقتىسى بىر قىسىم ئوخشىتىشلاردا تىل ۋاستىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەنسە، يەنە بىر قىسىم ئوخشىتىشلاردا نۆل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى، يەنى سۆز شەكلىدە ئاشكارا كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ھامان مەۋجۇت نەرسە بولۇپ، كىتابخان ياكى تىڭشىغۇچى ئۆز تەپەككۇرىدا ئۇنى تىل ۋاستىلىرى ئارقىلىق قايتا نامايان قىلىشالايدۇ. بەزى ئوخشىتىش تۈرلىرىدە مەسىلەن، مېتافورا ( يوشۇرۇن ئوخشىتىش) دا ئوخشىتىش سۆز قوشۇمچىسى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ نۆل شەكىلدە كېلىشىمۇ (بۇ چاغدا بەزىدە سىزىق بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ياكى بىۋاسىتە باغلىنىپ كېلىدۇ) ياكى مېتافوراغا مۇناسىپ ھالدىكى مېتافورا سۆزلىرىگە (مەسىلەن، تىلىمىزدا «دۇر، تۇر» دېگەندەك ياردەمچى پېئىللار) ئورۇن بوشىتىشىمۇ مۇمكىن. ئىستىئارە (ۋەكىللىك ئوخشىتىش) دە ھەتتا ئوخشالغۇچى كۆرۈنمەي، يالغۇز ئوخشىغۇچى كۆرۈلىدۇ. بۇ تىل بايلىقىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى تىلدىكى بىر خىل ئىخچام ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوخشىتىشلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تىلىمىز ئوخشىتىشلاردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ماس كېلىدىغان باي تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر، ئەڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، خەلق قوشاقلىرىدىن تارتىپ، ھازىرقى زاماندىكى ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، خەلق

چاقچاقلىرى، كۆندىلىك نۇتۇق داۋامىدا ئوخشىتىشنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جاي يوق. خەلقىمىز چېچەن، ئەقىللىق، تەپەككۇرغا ماھىر خەلق بولغاچقا باشقا مىللەت، رايونلاردا ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىغان نۇرغۇن ئېسىل ئوخشىتىش ئۈلگىلىرىنى بىزدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بالىلاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەر خىل سورۇنلاردا گەپ ـ سۆز، ئالاقە، كۈلكە ـ چاقچاقلار داۋامىدا ئوخشىتىش نۇتۇق ئۇنۇمىنى كۈچەيتكۈچى مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر جاۋاب ئېلى چاقچاقلىرىدا چاقچاقچى ئۆز ئوبيېكتلىرىنى ھېلى ئۇنىڭغا ئوخشىتىدۇ، ھېلى بۇنىڭغا ئوخشىتىدۇ. بۇنداق ئوخشىتىشلار ھەم تېز توقۇلغان، ھەم ناھايىتى چېچەنلىك بىلەن شۇ شەخس ياكى شەيئىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى چىڭ تۇتقان، ھەجۋىي تۈسى كۈچلۈك بولۇپ، ئاڭلىغان ئادەم ئىختىيارسىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىدۇ، چاقچاقچىنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. ئوخشىتىشقا ماھىر بولمىغان كىشى چاقچاقنى ئۇنداق ماھىرلىق بىلەن تېز، دەل ئېلىپ بارالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش ئۈچۈن بىزنىڭ بىر تەرەپتىن تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇشىمىزغا، يەنە بىر تەرەپتىن تەپەككۇرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزغا، تەسەۋۋۇر ۋە باغلانما تەسەۋۋۇرلارغا ماھىر بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇشتا، ئەتراپىمىزدىكى شەيئى ـ ھادىسىلەر، ئۇلارنىڭ ناملىرى، ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى قوللىنىشقا ماھىر بولۇشىمىز. ئۇزلۇكسىز ھالدا خەلق ئاممىسىدىن تىل ئۆگىنىپ، بۇ جەھەتتىكى توسالغۇنى قەتئىي تۈگىتىشىمىز لازىم. تەپەككۇرنى چېنىقتۇرۇشتا، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بولۇپمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇردىكى تەسەۋۋۇر ۋە باغلانما تەسەۋۋۇر شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇشىمىز،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئادەتتىكى كىشىلەر ھېچقانداق ئوخشاشلىقى يوق دەپ قارايدىغان، مۇناسىۋىتى نىسبەتەن يىراق شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقنى قېزىشقا ماھىر بولۇپ، يېڭى-يېڭى ئوخشىتىشلارنى ياساپ، تىل بايلىقىمىزنى ۋە تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

## 2) ئوخشىتىشنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى

ئوخشىتىش تىل كاتېگورىيىسىدىكى بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك. بولۇپمۇ ئوخشىتىشلاردا تاللانغان ئوخشىغۇچىلارنىڭ قانداق تۈردىكى شەيئى-ھادىسىلەردىن بولۇشى شۇ ئوخشىغۇچىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قانداق تەبىئىي شەيئى-ھادىسىلەر ئوراپ تۇرغان بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە تونۇش بولغان شۇ شەيئى-ھادىسىنى ئوخشىغۇچى قىلىپ تاللايدۇ. شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئوخشىتىش ئىجادكارلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزلىرىگە ئەڭ تونۇش بولغان ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدىن ئوخشىغۇچى تاللاشقا ماھىر بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مىللەت تىلىدىكى ئوخشىتىشلاردىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ قانداق تاللىنىش ئەھۋالى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئۆرپ-ئادەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بىر بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى، ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردە قوللىنىلغان ئوخشىتىشلاردىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشىتىشلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىغا نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز.

قەدىمكى ئەسىرلەردىن ئورخۇن-يېنىسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە قوللىنىلغان ئوخشىتىشلاردىكى ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ باقايلى. بۇ ئەسىرلەردىكى ئوخشىغۇچىلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

① ھايۋاناتلار: مەسىلەن، قۇش، بۆرە، قوي، سېمىز بۇقا، ئورۇق بۇقا.

② تەبىئەتتىكى شەيئىلەر: مەسىلەن، تاغ، سۇ ۋە يۇپقا، ئىنچىكە، قېلىن، يوغان (بۇ توت ئوخشىغۇچىدا ياغاچ دېگەندەك نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.)

③ تەبىئەت ھادىسىلىرى: مەسىلەن، شامال، بوران، ئوت.

④ دىنىي ئېتىقادقا ئائىتلىرى: مەسىلەن، تەڭرى، ئۇماي.

⑤ باشقىلىرى: مەسىلەن، ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان جان.

يۇقىرىقى پاكىتلار ئارقىلىق مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى مۇنداق خۇلاسىلەش مۇمكىن:

① مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش روھى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

② خەلقىمىزنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش مۇھىتى ئەكس ئەتكەن.

③ خەلقىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى ۋە بۆرە تۇتېمى ئەكس ئەتكەن.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى بولغان مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىدىكى 432 ئوخشىتىشتىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ھەققىدىكى تەھلىلىمىز مۇنداق:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەدىمكى ئەسەرلەردىن ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە قوللىنىلغان ئوخشىتىشلاردىكى ئوخشىغۇچى قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ باقايلى. بۇ ئەسەرلەردىكى ئوخشىغۇچىلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن:

① ھايۋاناتلار: مەسىلەن، قۇش، بۆرە، قوي، سېمىز بۇقا، ئورۇق بۇقا.

② تەبىئەتتىكى شەيئىلەر: مەسىلەن، تاغ، سۇ ۋە يۇپقا، ئىنچىكە، قېلىن، يوغان (بۇ تۆت ئوخشىغۇچىدا ياغاچ دېگەندەك نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.)

③ تەبىئەت ھادىسىلىرى: مەسىلەن، شامال، بوران، ئوت.

④ دىنىي ئېتىقادقا ئائىتلىرى: مەسىلەن، تەڭرى، ئۇماي.

⑤ باشقىلىرى: مەسىلەن، ئۆلۈم گىردابىغا كىلىپ قالغان جان.

يۇقىرىقى پاكىتلار ئارقىلىق مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە ئىپادىلەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى مۇنداق خۇلاسىلەش مۇمكىن:

① مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش روھى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

② خەلقىمىزنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش مۇھىتى ئەكس ئەتكەن.

③ خەلقىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى ۋە بۆرە تۇتېمى ئەكس ئەتكەن.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى بولغان مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىدىكى 432 ئوخشىتىشتىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ھەققىدىكى تەھلىلىمىز مۇنداق:

كۆپىنچىسى «چۈش، خىيال، ئاۋاز، چۆچۈپ ئويغىنىش، سايە، ھاقارەت» دېگەندەك ئادەتتىكى ئابستراكت چۈشەنچىلەر بولۇپ، ئابستراكت ئۇقۇم - چۈشەنچىلەرنىڭ ئىچىدە تۆتتىن بىر نىسبىتىنى ئىگىلەيدىغان «جەننەت، پەرىشتە، شەيتان، جىن، ئاچ كىرمەك» دېگەندەك دىنىي ۋە خۇراپىي ئۇقۇم - چۈشەنچىلەرمۇ بار. يېمەكلىك ھەققىدىكى ئوخشىغۇچىلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئاران 3% نى ئىگىلەيدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن بىرى «زەھەر» سۆزىدىن ئىبارەت. يېمەك - ئىچمەك ناملىرىنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بەلكىم خەلقىمىزنىڭ يېمەكلىكنى ئاشكارا سورۇندا ئانچە تىلغا ئالماسلىق تابۇ ئادىتىدىن بولسا كېرەك.

### 3) ئوخشىتىشنىڭ ئېستېتىك ئاساسى

ئوخشىتىشلار تۇرمۇشنى كۆزىتىشتىن كېلىدۇ. مەزمۇن جەھەتتە، شۇ مىللەت، شۇ رايوننىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ھەر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جۈملىدىن شۇ مىللەت، شۇ رايون كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، گۈزەللىك تۇيغۇلىرى ۋە گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. نېمىنى سۆيۈش، نېمىدىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇلىرىنى ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئوخشىتىشلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئوخشىتىشلاردا ئىپادىلەنگەن گۈزەل مۇھىت، كەيپىيات كىشىدە بىر خىل سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى قوزغاپ كىتابخانلارنىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش ئېڭىنى كۈچەيتىدۇ.

ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلار تەبىئەتكە بەكرەك يېقىن تۇرغان، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەبىئەتتىكى رەڭگا - رەڭ ئاسمان جىسىملىرى، يەر يۈزىدىكى ياپ - يېشىل ئورمانلار، گۈل - چېچەكلەرگە ئورالغان دالىلار تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنگەن. بۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئوخشىتىشلاردا ئوخشىغۇچى قىلىپ تاللانغان شەيئىلەرنىڭ زور كۆپ سانلىقىنى تەبىئەت جىسىملىرى، تەبىئەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھادىسىلىرى ئىگىلەيدۇ. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ھەر قايسى ساھەلەردە ئادەملەر ئۆزلىرى ياساپ چىققان نۇرغۇن ھۈنەر-سەنئەت، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى، ئۆزلىرى توقۇغان ھەر خىل رەخت ۋە ئۇنىڭدىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇلار يالغۇز تەبىئەت جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزلىرى ياسىغان بايىقىدەك بۇيۇملارنىمۇ زوقلىنىش ئوبيېكتى قىلدى. نۇرغۇن ئەسىرلەردە بۇ بۇيۇملار ئوخشىغۇچى بولۇپ تاللاندى. شۇنداقتىمۇ تا ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىنى سۆيۈش، تەبىئەت گۈزەللىكىگە تەلپۈنۈش تۇيغۇلىرى يوقاپ كەتكىنى يوق. نۇرغۇن ئەل، مىللەت، رايون كىشىلىرىنىڭ ياراتقان ئوخشىتىشلىرىدا ھېلىھەم تەبىئەت گۈزەللىكىگە بېغىشلانغانلىرى كۆپ. تەبىئەت گۈزەللىكى باشتىن-ئاخىر ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك ئوبيېكتىنىڭ بىر مۇھىم قىسمى بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىش تارىخىغا نەزەر سالساق، ئوخشاشلا خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت گۈزەللىكىگە ئىنتىلىش تۇيغۇلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 11- ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەردىن تەركىب تاپقان تەبىئىي شەيئى-ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئوخشىغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئوخشىغۇچىلار ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى 70.9% كە يەتكەن. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان چوقۇنۇشى، تەبىئەت گۈزەللىكىنى سۆيۈش تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا قىيىن ئەمەس. ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلار ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى 13.95% بولۇپ، تەبىئىي شەيئى-ھادىسىلەرگە نىسبەتەن خېلى تۆۋەن تۇرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ شۇ دەۋردىكى ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە بولۇشقا باشلىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ زىبۇ ـ زىننەت قاتارلىق بۇيۇملارنىمۇ زوقلىنىش ئوبيېكتى قىلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يەنىمۇ تېزلەتكەن. نەۋائى غەزەللىرىدىكى ئوخشىتىشلار ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

| ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلىرى | تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەر تۈرى: ئاسمان جىسىملىرى، ھايۋان، ئۆسۈملۈك | ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت تۈرى: ھۈنەر، دىن، تۇرمۇش بۇيۇملىرى |
|---|---|---|
| قېتىم سانى | 278 | 347 |
| نىسبىتى | 44.48 % | 55.52 % |

كۆرۈشكە بولىدۇكى، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلاردا تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى 44.48% كە چۈشۈپ، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە دىنىي ـ ئېتىقادقا ئائىت چۈشەنچىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتى 55.52% كە كۆتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئوخشىغۇچىلار كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىدا يەنە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ماس ھالدا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قوللانغان ئوخشىتىشلىرىدا ئەكس ئەتمەي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالىدى، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئوخشىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، تەبىئىي شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ئوخشىغۇچى قىلىنىش نىسبىتىنىڭ 47.2% نى ئىگىلىگەنلىكى، يەنى بۇ تۈرنىڭ ئومۇمىي سان ئىچىدە يەنىلا بىر قەدەر زور سالماقنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە بىر ئوخشاش ئەنئەنە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى، تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ ھېلىھەم ئىنتايىن كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، بىر مىللەت تىلىدا قانداق ئوخشىتىشلارنىڭ بارلىققا كېلىشى تاسادىپىي ياكى قانۇنىيەتسىز بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ماس ھالدا شۇ مىللەتنىڭ مىللىي تىلى، مىللىي مەدەنىيىتى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. تىل ئاساسى، مەدەنىيەت ئاساسى، ئېستېتىك ئاساسى قاتارلىقلار ھەرقايسى مىللەت تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم ئاساسلاردىن ئىبارەتتۇر. بىز ئوخشىتىشلارنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇناسىپ ھالدا خەلقىمىزنىڭ يۇقىرىقى تەرەپلەردىكى مىللىي خاسلىقلىرىنى ئوخشىتىشلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

# 3. ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسى

ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش — بىزنىڭ ئوخشىتىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، ھەمدە ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئىچكى تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، تاشقى قۇرۇلما ۋە ئىچكى قۇرۇلما دەپ ئايرىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسىغا قاراپ باقايلى.

### 1) ئوخشىتىشنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى

ئوخشىتىشنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى — مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنىڭ تاشقى پوستىدا تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، بەلگىلىك تەرتىپتىكى بىرىكمىدىن ئىبارەت.

ئوخشىتىشنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى، ئادەتتە، تۆۋەندىكى تۆت ئامىلدىن تۈزۈلىدۇ.

① ئوخشالغۇچى، يەنى ئەسلىي شەيئى، سۇبيېكت

② ئوخشىغۇچى، يەنى قارشى تەرەپتىكى شەيئى، ئوبيېكت.

③ ئوخشاشلىق نۇقتا، يەنى ئوخشىتىلىدىغان نۇقتا.

④ ئوخشىتىش سۆزى، يەنى ئوخشىتىش ياردەمچى سۆزلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك گراماتىكىلىق باغلىغۇچىلار.

ئوخشىتىشتا، ئالدى بىلەن ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولىدۇ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى ئوبرازلىق، ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئىككى شەيئى بولۇشىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شەيئىنىڭ نوقۇل ھالىدىكى ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىياپىتى، ھالىتى، ھەرىكىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ كونكرېت شەيئى بولۇشىمۇ، ئابستراكت شەيئى ياكى ئۇقۇم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئوخشىتىشتىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بولۇشى لازىم، ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولمىسا ئۇلارنى ئوخشىتىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ئوخشاشلىق نۇقتىسى ئوخشىتىشنىڭ بىر مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. بەزى شەيئىلەردىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسىنى دەرھال كۆرۈپ يېتىش قىيىن، قارىماققا ھېچقانداق ئوخشاش نۇقتا يوقتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئاپتور باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يىراق مۇناسىۋەتتىكى ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق باغلىنىش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىدۇ.

ئوخشىتىش سۆزلىرى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇش، گرامماتىكا جەھەتتىن باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىتىش سۆزلىرى خېلى كۆپ. مەسىلەن، «خۇددى، گويا، بەجايىكى، ئوخشاش، مىسلى، مىسالى، تەمسىلى، تىمسال، كەبى، بەئەينى، ئەينى، سىياق، سىمان، سۈپەت......» قاتارلىقلار بار. ئۇنىدىن باشقا يەنە «-دەك، -تەك» قوشۇمچىلىرىمۇ يۇقىرىقى ئوخشىتىش سۆزلىرى بىلەن بىرگە ياكى ئۆز ئالدىغا ئوخشىغۇچىغا ئۇلىنىپ كېلىپ ئوخشاشلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىدىن باشقا مېتافورادا «دۇر، تۇر» دېگەندەك ياردەمچى پېئىللار ئوخشىتىش سۆزى بولۇپ كېلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىتىشنىڭ نورمال قۇرۇلما تەرتىپى مۇنداق:

«ئوخشالغۇچى —— ئوخشىغۇچى —— ئوخشىتىش سۆزى —— ئوخشاشلىق نۇقتىسى»

مەسىلەن: «ئۇنىڭ چىرايى ئايدەك گۈزەل.» دېسەك، بۇ ئوخشىتىشتا تەرتىپ بويىچە ئالدى بىلەن ئوخشالغۇچى — «ئۇنىڭ

چىرايى»، ئاندىن ئوخشىتىلغۇچى — «ئاي»، ئاندىن ئوخشىتىش قوشۇمچىسى — «دەك»، ئاخىرىدا ئوخشاشلىق نۇقتىسى — «گۈزەل» سۆزى كېلىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالاردىمۇ شۇنداق:

« چېچىم بولدى شۇڭقار تۇسىدەك ئالا،
ساقالىم كۆزدىكى ئوتتەك بولدىلا. »
(«قۇتادغۇبىلىك»، 5639 ـ بېيىت)

لېكىن، ئەمەلىي نۇتۇقتا ئوخشىتىشتىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ تەرتىپى دائىم يۇقىرىقىدەك بىرلا خىل شەكىلدە كېلىۋەرمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدىكى ئۇقۇم سۆز تەرتىپى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ھەر خىل تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ تەرتىپىنىڭ ئالمىشىشى مەنە ئىپادىلەش ئۇنۇمىگە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بولۇپمۇ شېئىرىي نۇتۇقتا بۇ خىل تەرتىپنىڭ ئالمىشىشى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن:

« ئاقار سۇدەك ئېرۇر چىقسا ياخشى سۆز،
ئۇ ئاقسا قايانغا چېچەك ئۈنەر يۈز. »
(«قۇتادغۇ بىلىك»، 2688 ـ بېيىت)

« يورۇق يازدەك ئىردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم. »
(«قۇتادغۇبىلىك»، 6531 ـ بېيىت)

بۇ مىسرالاردا ئامىللارنىڭ تەرتىپى «ئوخشىتىلغۇچى — ئوخشىتىش سۆزى ـ ئوخشالغۇچى — ئوخشاشلىق نۇقتىسى» بويىچە كەلگەن.

ئوخشىتىشلارنىڭ ھەممىسىدىلا تاشقى قۇرۇلمىدا يۇقىرىقى تۆت ئامىل بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئىپادىلىنىۋەرمەيدۇ. بەزىدە بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقىسىم ئامىللار قىسقىرايدۇ ياكى يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىرقانچە خىل قىسقىراش شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

(1) ئوخشىتىش سۆزىنىڭ قىسقىرىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



« ئىپارنى يوشۇرساڭ، ھىدى بىلدۈرەر،
بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ كۆرسىتەر. »
(«قۇتادغۇ بىلىك»، 312 ـ بېيىت)

بۇ ئەمەلىيەتتە « خۇددى ئىپارنى يوشۇرساڭ، ئۇنىڭ ھىدى بىلدۈرگىنىدەك بىلىمنى يوشۇرساڭ تىلىڭ كۆرسىتىدۇ. » دېگەن ئوخشىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تاشقى قۇرۇلمىدا «خۇددى، ...دەك» قاتارلىق ئوخشىتىش سۆزى ۋە قوشۇمچىسى ئاشكارا كۆرۈنمىگەن.

« مېنىڭچە، هايات ـــ ئۇ بىر ئاق دەپتەر، ياشاش جەريانىدا ھەركىم بۇ دەپتەرگە ئۆز تارىخىنى يېزىپ ماڭىدۇ، شۇ شەخس ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى بۇ تارىخي ئەسەرمۇ يېزىپ تاماملىنىدۇ. »

(مەمتىمىن هوشۇر: «ئىككى پارچە خەت»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «ھايات»، ئوخشىغۇچى «ئاق دەپتەر» بولۇپ، ئوخشىتىش سۆزى كۆرۈنمەيدۇ، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى پەقەت بىر تىنىش بەلگىسى ئارقىلىقلا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ خىل ئوخشىتىش ئادەتتە يوشۇرۇن ئوخشىتىش ياكى مېتافورا دېيىلىدۇ.

(2) ئوخشىتىش سۆزى ۋە ئوخشالغۇچىنىڭ قىسقىرىشى.

بۇ پەقەت ئوخشىغۇچىلا قالىدىغان ئوخشىتىشتىن ئىبارەت.

« مالچىلار ياقۇپ بايغا قارىغاندا ئۇنىڭ غالچىلىرىدىن بەكرەك قورقاتتى. بۇ ئىككى پۈتلۈق بۆرىلەر تاغنىڭ تۆت پۇتلۇق بۆرىلىرىدىن يامانراق ئىدى. »

(مەمتىمىن هوشۇر: «بۆرە جىلغا»)

« نەق ھېلىقى سىز ئېيتقان فاشىستلارنىڭ چوماقچىلىرىدىن بولۇپ چىقتى. »

(مەمتىمىن هوشۇر: «ئىككى پارچە خەت»)

بىرىنچى مىسالدا، «ياقۇپ باينىڭ غالچىلىرى» دېگەن ئوخشالغۇچى كۆرۈنمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىككى پۇتلۇق بۆرە» دېگەن

ئوخشىغۇچى ئالماشتۇرۇلغان. ئىككىنچى مىسالدا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ غالچىلىرى» دېگەن ئوخشالغۇچىنىڭ ئورنىغا «فاشىستلارنىڭ چوماقچىلىرى» دېگەن سۆز ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. بۇ مىساللاردىكى ئوخشىتىشلاردا پەقەت ئوخشىغۇچىلا كۆرۈنۈپ، ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆزىدىن ئىبارەت قالغان ئىككى ئامىل كۆرۈنمىگەن.

بۇ خىل ئوخشىتىش، ئادەتتە، ۋەكىللىك ئوخشىتىش ياكى ئىستىئارە دېيىلىدۇ.

(3) ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ قىسقىرىشى.

«يەنە بىر قارىساڭ، ئۇ بېشىغا نېپىز ياغلىق چىگىگەن گۈزەل قىزغا، چوققىلار ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىگە، چېچەكلەرگە پۈركەنگەن تاغ ئېتەكلىرى ئۇنىڭ گۈللۈك كۆڭلىكىگە ئوخشايتتى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئۇنتۇلماس كۈنلەر» ئەسلىمىسى)

بۇ مىسالدا، تاغ «گۈزەل قىز»غا، چوققىلار «ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى»گە، تاغ ئېتەكلىرى ئۇنىڭ «گۈللۈك كۆڭلىكى»گە ئوخشىتىلىدۇ. لېكىن، ئۇلاردا قايسى تەرەپتىن ئوخشىتىلىۋاتقانلىقى تاشقى كۆرۈنۈشتە ئىپادىلەنمەيدۇ. بىز پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا تاغنىڭ گۈزەللىكى جەھەتتىن قىزغا ئوخشىتىلغانلىقى، چوققىلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىياپەت جەھەتتىن قىز كۆكرىكىگە ئوخشىتىلغانلىقى، تاغ ئېتەكلىرىنىڭ رەڭدار گۈللەرگە پۈركەنگەن ھالەت جەھەتتىن قىزنىڭ گۈللۈك كۆڭلىكىگە ئوخشىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز.

**2) ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى**

ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قاتلىمى ئۇنىڭ ئۇچۇر قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى باغلانما تەسەۋۋۇرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا تۆۋەندىكى ئامىللار بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



① ئوخشالغۇچى

② ئوخشىغۇچى

③ ئوخشاشلىق نۇقتا

④ ئوخشاشسىز نۇقتا، يەنى شەيئى خاراكتېرىدىكى پەرق.

ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئوخشاشلىق دەرىجىسى بىردەك بولمايدۇ. بەزىلىرىدە ئوخشاشلىق نۇقتا كۆپرەك، بەزىلىرىدە پەرقلىق نۇقتا كۆپرەك بولىدۇ. سېمانتىكا نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئىنى بىرقانچە نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىدە بىرلا تەرەپ ئوخشاپ، قالغان تەرەپلىرى ئوخشىماسلىقى مۇمكىن؛ ئەكسىچە بەزىلىرىدە ئىككى-ئۈچ تەرىپى ئوخشاپ، پەقەت بىرلا تەرىپى ئوخشىماسلىقى مۇمكىن.

مەسىلەن:

« ئاقار سۇدەك ئېرۇر چىقسا ياخشى سۆز،

ئۇ ئاقسا قايانغا چېچەك ئۈنەر يۈز.»

( «قۇتادغۇ بىلىك»، 2688- بېيىت )

بۇ ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى «ياخشى سۆز»، ئوخشىغۇچى — «ئاقار سۇدەك» بولۇپ، ئالدىنقىسى بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە، كېيىنكىسى بىر خىل تەبىئىي ماددا بولۇپ، ئەسلىدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان باشقا-باشقا شەيئىلەردۇر. لېكىن شائىرنىڭ تەپەككۇرىدا بۇ ئىككى شەيئى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان پايدىلىق نەرسە ئىكەنلىكى ۋە ھەر تەرەپلەرگە ئېقىپ بارىدىغانلىقى نۇقتىسىدىن بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

« ئۇنىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ قارا كۆزى كۆلۈپ تۇراتتى. »

( مەمتىمىن ھوشۇر: «نەي ئاۋازى»)

ئوخشالغۇچى — «كۆز»؛ ئوخشىغۇچى — «بۇلاق»؛ ئوخشاشلىق نۇقتا — «قارا»؛ ئوخشاشسىز نۇقتا — بىرى ئادەم بەدىنى ئەزاسى، يەنە

بىرى يەر ئاستى سۈيى، بىرى جانلىق، بىرى جانسىز شەيئى، يەنى باشقا ـ باشقا تۈردۇر.

«ئۆزىمۇ گۆھەردەك ساپ قىز.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «نەي ئاۋازى»)

ئوخشالغۇچى ــ «ئۆزى» (قىز بالا)، ئوخشىغۇچى ــ «گۆھەر»، ئوخشاشلىق نۇقتا ــ «ساپ»، ئوخشاشسىز نۇقتا ــ بىرسى ئادەم، يەنە بىرسى بىر خىل قىممەتلىك تاش بولۇپ، ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان شەيئىلەردۇر.

«يورۇق يازدەك ئىردىم تۇمەن رەڭ چىچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.»

(«قۇتادغۇبىلىك»، 6531 ـ بېيىت)

بۇ ئوخشىتىشتا، ئوخشالغۇچى «مەن» (ئادەم) بىلەن ئوخشىغۇچى «يورۇق ياز» ئالدىنقىسى جانلىق، كېيىنكىسى جانسىز؛ ئالدىنقىسى تەپەككۇرغا ئىگە، كېيىنكىسى تەپەككۇرغا ئىگە ئەمەس؛ ئالدىنقىسى سۆزلىيەلەيدۇ، كېيىنكىسى سۆزلىيەلمەيدىغانلىقى نۇقتىسىدىن ئوخشىمايدۇ. لېكىن، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا «نېمەتلەرگە تولغان»لىقىدىن ئىبارەت ئوخشاشلىق بار.

ئوخشىتىشنى ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى يۇقىرىقىدەك ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق نۇقتىلارنىڭ نىسبىتىگە ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

(1) ئوخشاشلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش.

بۇنىڭدا ئوخشاشلىق پەرقتىن كۆپ بولىدۇ.

«قىزنىڭ ئاۋازى تورغايىنىڭكىدەك زىل، تەمبۇر ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئىدى.»

(«ئاۋرال شاماللىرى»، 538 ـ بەت)

بۇ جۈملىدە ئىككى ئوخشىتىش بار، مەيلى ئالدىدىكىسى ياكى كېيىنكىسى بولسۇن، ھەر ئىككىسىدە بىر خىل ئاۋاز يەنە بىر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاۋازغا ئوخشىتىلغان، ھەر ئىككى تەرەپتە ئاۋازنىڭ يېقىملىقلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئوخشاشلىق بىر قەدەر ئېنىق.

ئوخشىتىشنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى ئوخشاشلىق تەرىپىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئوخشىتىشنىڭ يېقىشچانلىقى ئۇنىڭ ئوخشاشلىق نۇقتىسى بىلەن ئۆلۈك تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئوخشاشلىق نۇقتىسى قانچە زور بولغانسېرى يېقىشچانلىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ھەمدە كىتابخانلارنىڭ ئاسانلا قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، تەسىرنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ.

لېكىن، ئوخشىتىشتا ئوخشاشلىق بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ياكى ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى شەيئى تۇر جەھەتتىن بىر-بىرىگە بەك يېقىن بولسا ئوخشىتىشنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ دادىسىغا بەك ئوخشايدۇ.» دېسەك، بۇ جۈملىدىمۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. قارىماققا بۇ ئوخشىتىشتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەبىئىي، يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، بالىنىڭ دادىغا ئوخشىشى مۇقەررەر. بۇ پىكىرنى ئادەتتىكىچە ئىپادىلەۋاتقان جۈملىدىن ئىبارەت، ھەرگىزمۇ ئىستىلىستىكىدىكى ئوخشىتىش بولالمايدۇ.

(2) پەرقلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش.

بۇنىڭدا پەرق ئوخشاشلىقتىن كۆپ بولىدۇ.

« بۇ دۇنيانى بوران يا يامغۇر سانا،

گۈرۈلدەپ بىر ئاز ، توختار تېز يانا. »

(«قۇتادغۇبىلىك»، 5314 ـ بېيىت)

بۇ ئوخشىتىشتىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «دۇنيا» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «بوران، يامغۇر»نىڭ ئالدىنقىسى ئىجتىمائىي ھادىسە، كېيىنكىسى تەبىئەت ھادىسىسى؛ ئالدىنقىسى ئىنساننىڭ ھايات سەپىرى، كېيىنكىسى ئۇنداق ئەمەس. بۇ نۇقتىلاردىن بۇ ئىككى خىل شەيئى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق مەۋجۇت . بۇ ئىككى شەيئى

ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىرلا ئوخشاشلىق نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تېز كېلىپ، تېز كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

بىر ئوخشىتىشنىڭ ئىپادىلەش قىممىتى پەرقلىق نۇقتا بىلەن ئوخشاشلىق نۇقتا بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇلاش تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. يەنى پەرقلىق تەرەپلىرىنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئوخشىتىش غەيرى، يېڭىچە، جانلىق، ئىپادىلەش كۈچى زور بولىدۇ، ھەم جەلپكار تۇيغۇ قوزغاپ، كىشىدە ئۇنتۇلماس، چوڭقۇر بەدىئىي تەسىرات قالدۇرىدۇ.

ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت — ئوخشاشلىق بار بولۇش، لېكىن بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىك؛ پەرق بار بولۇش، يەنە كېلىپ پەرقىنىڭ زورراق بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئۆز ئارا زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئاسان ئەمەس. بىر يېڭى، جانلىق، قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ياخشى ئوخشىتىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، يەنى ھەم ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولۇش، ھەم پەرقلىق بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ تىل ئىشلەتكۈچىلەردىن يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

### 3) تاشقى قۇرۇلما بىلەن ئىچكى قۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئوخشىتىشنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى بىلەن ئىچكى قۇرۇلمىسى ئۆزئارا مۇرەككەپ ئالمىشىش، ئۆتۈشۈش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. تاشقى قۇرۇلما ئوخشىتىشنىڭ سۆز-جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان تاشقى شەكلىدىن ئىبارەت بولسا، ئىچكى قۇرۇلما ئوخشىتىشنىڭ ئادەم تەپەككۇرىدىلا نامايان بولىدىغان چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئىبارەت.

ئىچكى قۇرۇلمىدىكى مەلۇم مەزمۇننى تاشقى قۇرۇلمىدا ئوخشىمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن، بۇ چاغدا بىر قاتار مەنىداش ئوخشىتىشلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئەكسىچە، ئىچكى قاتلىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



ئوخشىمىغان ئوخشىتىشلارنى ئوخشاش تاشقى قاتلام بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن، بۇ چاغدا كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىش مەيدانغا كېلىدۇ.

(1) مەنىداش ئوخشىتىشلار

«ۋەتەن ــ ئۇ ئانا. \ ۋەتەن ئانىدۇر.\ ۋەتەن ئانىغا ئوخشايدۇ.\ ۋەتەن خۇددى ئانىدەك مېھرىبان ...»

ئىچكى قۇرۇلمىدا يوقىرىقى بىرقاتار ئوخشىتىشلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش، ئەمما تاشقى قۇرۇلمىدا ئۇلار بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئوخشىمىغان ھالەتتە ئەكس ئېتىدۇ.

(2) كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىش

«ئۇنىڭ قەلبى دېڭىزغا ئوخشايدۇ.» دېسەك، ئۇنى تاشقى قۇرۇلمىدا كونكرېت قىلىپ مۇنداق ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلەش مۇمكىن:

① «ئۇنىڭ قەلبى دېڭىزدەك كەڭ.»

② «ئۇنىڭ قەلبى دېڭىزدەك چوڭقۇر.»

③ «ئۇنىڭ قەلبى دېڭىزدەك دولقۇنلۇق.» ...

دېمەك، بىر ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى مەزمۇننى تاشقى قۇرۇلمىدا يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل ئىپادىلەش مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بىرقانچە ئوخشىمىغان مەنىدىكى ئوخشىتىشلار مەيدانغا كېلىدۇ.

دېمەك، ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسى ئىچكى ۋە تاشقى قاتلاملاردىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن مۇكەممەل سىستېما. ئۇنىڭ ھەر ئىككى قاتلىمىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئوخشىتىشنى تەھلىل قىلغاندا پەقەت ئۇنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسىنىلا كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىچكى قۇرۇلمىسىنىمۇ توغرا تونۇش، چۈشىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوخشىتىشنىڭ بىر پۈتۈن مۇكەممەل قۇرۇلمىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، ئوخشىتىشنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە توغرا قوللىنىش سەۋىيىسىگە ھەقىقىي يەتكىلى بولىدۇ.

## 4 . ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى

ئىلگىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئاساسىدا ئۆزىمىزنىڭ بەزى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىمىزنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

### 1 ) ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى

ئوخشىتىش دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئىستىلىستىكىدا كەڭ ۋە تار مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. كەڭ مەنىدە ئوخشىتىشنى ئوخشالغۇچى، ئوخشىتىش سۆزى ۋە قوشۇمچىسى قاتارلىق ئوخشىتىش ئامىللىرىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىدا ئاشكارا كۆرۈنۈش-كۆرۈنمەسلىكىگە قاراپ، ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش (مېتافورا)، ۋەكىللىك ئوخشىتىش (ئىستىئارە) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تار مەنىدىكى ئوخشىتىش يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت ئېنىق ئوخشىتىشنىلا كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدا مېتافورا ۋە ئىستىئارە ئېنىق ئوخشىتىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ئايرىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق خەلقئارالىق تىللاردا مېتافورا ئايرىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە سۈپىتىدە مەخسۇس تەتقىق قىلىنىدۇ. ھەتتا، مەخسۇس مېتافوراشۇناسلىق ئىلمى بارلىققا كەلگەن. مېتافورانىڭ تەتقىقات مەزمۇن دائىرىسى ھەرقايسى ساھەلەرگە كېڭەيگەن بولۇپ، گرامماتىكىلىق مېتافورا دېگەندەك نۇرغۇن ئۆششاق تۈرلىرى ئايرىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرىدا ئىستىئارەنىڭ تەتقىقات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دەرىجىسى بىرقەدەر چوڭقۇر بولۇپ، ئۇمۇ ئايرىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە دەپ قارىلىدۇ.

(1) ئېنىق ئوخشىتىش

ئىككى شەيئىنىڭ بىرىنىڭ مەلۇم جەھەتتىن يەنە بىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان ئوخشىتىش تۈرى ئېنىق ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىق ئوخشىتىشتا، ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆزى، قوشۇمچىسى قاتارلىق ئامىللار ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئوخشاشلىق نۇقتىسى كۆرۈنۈشىمۇ، قىسقىرىشىمۇ مۇمكىن.

« ئۇنىڭ خۇددى تاڭ سەھەردە ھۇپپىدە ئېچىلغان، بەرگىلىرىدە شەبنەم تامچىلىرى تىترەپ تۇرغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك لەۋلىرى خالىدىنىنى شەيدا قىلىۋالدى.»

(«بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى»، 114 ـ بەت)

« كەچكى شەپەقنىڭ لالىرەڭ نۇرىغا چۆمگەن قىپ ـ قىزىل يالقۇنتاغ گويا ۋالىلداپ تۇرغان غايەت زور بىر قىزىل ياقۇتتەك شۇ قەدەر گۈزەل كۆرۈنەتتىكى، كىشىنىڭ قارىغانسىرى قارىغۇسى كېلەتتى.»

(«ساقال ھەققىدە پاراڭ»، 253 ـ بەت)

ئالدىنقى مىسالدا، ئوخشالغۇچى «لەۋ»، ئوخشىغۇچى «قىزىلگۈل غۇنچىسى»، ئوخشىتىش سۆزى ۋە قوشۇمچىسىدىن «خۇددى، ـ دەك» قاتارلىقلار ئېنىق كۆرۈنگەن. كېيىنكى مىسالدا، ئوخشىغۇچى «يالقۇنتاغ»، ئوخشىغۇچى «قىزىل ياقۇت»، ئوخشىتىش سۆزى ۋە قوشۇمچىسىدىن «گويا، ـ دەك» قاتارلىقلار ئېنىق كۆرۈنگەن بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئېنىق ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئېنىق ئوخشىتىشتىكى ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى ئېنىق ھەمدە ھەرقايسى ئامىللىرى تولۇق بولغاچقا، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىش، قوبۇل قىلىشى ئاسان بولىدۇ.

(2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش

ئوخشىتىش سۆزى كۆرۈنمەيدىغان، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر يوشۇرۇن بولغان ئوخشىتىش شەكلى يوشۇرۇن ئوخشىتىش ياكى مېتافورا دەپ ئاتىلىدۇ.

يوشۇرۇن ئوخشىتىشتا، ئېنىق ئوخشىتىشقا ئوخشاشلا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئوخشىتىلىدۇ، ئېنىق ئوخشىتىشقا ئوخشىمايدىغان يېرى بۇنىڭدا ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى كۆپىنچە بىرئاز يوشۇرۇن، ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. «خۇددى، ـ دەك، ـ تەك» دېگەندەك ئوخشىتىش سۆزلىرى قوللىنىلماستىن، ئۇنىڭ ئورنىدا «دۇر، تۇر» دېگەندەك ياردەمچى پېئىللار، «باراۋەر، تەڭ» دېگەندەك تەڭلىكنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر قوللىنىلىدۇ، يېزىقتا سىزىق (ـ) بەلگىسىنى ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇش ياكى بىۋاستە ئۇلاش ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

« مېنىڭچە، ھايات ــ ئۇ بىر ئاق دەپتەر، ياشاش جەريانىدا ھەركىم بۇ دەپتەرگە ئۆز تارىخىنى يېزىپ ماڭىدۇ. شۇ شەخس ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى بۇ تارىخي ئەسەرمۇ يېزىپ تاماملىنىدۇ. »

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئىككى پارچە خەت»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «ھايات»، ئوخشىغۇچى «ئاق دەپتەر» بولۇپ، ئوخشىتىش سۆزى كۆرۈنمەيدۇ. ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى پەقەت بىر تىنىش بەلگىسى ئارقىلىقلا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

(3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچى، ئوخشىتىش سۆزى ۋە قوشۇمچىسى كۆرۈنمەيدىغان، پەقەت ئوخشىغۇچىلا كۆرۈنىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ۋەكىللىك ئوخشىتىش ياكى ئىستىئارە دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋەكىللىك ئوخشىتىشتا، ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پايدىلىنىپ، ئوخشالغۇچى ئورنىغا ئوخشىغۇچى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى يوقىرىقى ئىككى تۈردىكى ئوخشىتىشقا قارىغاندا تېخىمۇ يوشۇرۇن، تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. تېكىستتە ئىچىدە پەقەت ئوخشىغۇچىلا كۆرۈنۈپ، ئوخشالغۇچى كۆرۈنمەيدۇ. ئوخشالغۇچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كىتابخانلار تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، كونتېكىستقا قاراش يولى بىلەن بىلىۋالالايدۇ.

ۋەكىللىك ئوخشىتىشتىكى بىر سۆزنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سۆزنىڭ ئالمىشىشى مېتونىمىيەگە ئوخشاپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋەكىللىك ئوخشىتىشتىكى ئورنىغا ئالمىشىش ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. مېتونىمىيىدە يېقىنلىق ياكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

« مالچىلار ياقۇپ بايغا قارىغاندا ئۇنىڭ غالچىلىرىدىن بەكرەك قورقاتتى. بۇ ئىككى پۈتلۈق بۆرىلەر تاغنىڭ تۆت پۈتلۈق بۆرىلىرىدىن يامانراق ئىدى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «بۆرە جىلغا»)

« نەق ھېلىقى سىز ئېيتقان فاشىستلارنىڭ چوماقچىلىرىدىن بولۇپ چىقتى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئىككى پارچە خەت»)

بىرىنچى مىسالدا، «ياقۇپباينىڭ غالچىلىرى» دېگەن ئوخشالغۇچى كۆرۈنمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىككى پۈتلۈق بۆرە» دېگەن ئوخشىغۇچى ئالماشتۇرۇلغان. ئىككىنچى مىسالدا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ غالچىلىرى» دېگەن ئوخشالغۇچىنىڭ ئورنىغا «فاشىستلارنىڭ چوماقچىلىرى» دېگەن سۆز ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. بۇ مىساللاردىكى ئوخشىتىشلاردا پەقەت ئوخشىغۇچىلا كۆرۈنۈپ، ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆزىدىن ئىبارەت قالغان ئىككى ئامىل كۆرۈنمىگەن.

ئوخشالغۇچى — S، ئوخشىغۇچى — O، ئوخشاشلىق سۆزى — $B_1$، مېتافورا سۆزى — $B_2$، ئوخشاشلىق نۇقتىسى — X بولغاندا،

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئوخشىتىشنىڭ فورمىسى مۇنداق بولىدۇ:

ئېنىق ئوخشىتىش: S O B1 (X)

يوشۇرۇن ئوخشىتىش: S=O (B2)

ۋەكىللىك ئوخشىتىش: O

2 ) ئوخشىتىشنىڭ شاخلانما تۈرلىرى

ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ بۆلۈش تىلىمىزدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئوخشىتىشلار ئۇنداق ئاددىي، بىرنەچچە خىل شەكىلدىلا قوللىنىلماستىن، بەلكى ھەر خىل مەزمۇن، ھەر خىل تەرتىپ، ھەرخىل قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە كېلىپ، ئوخشىتىشنىڭ بىرمۇنچە شاخلانما تۈرلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى سىستېما نەزەرىيىسى بويىچە ئېنىق ئۆلچەم، بىر قەدەر سىستېمىلىق تەرتىپتە بۆلگەندە، ئۇلارنى مۇنداق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) تەپسىلىي ئوخشىتىش ۋە ئىخچام ئوخشىتىش

ئوخشىتىشلار مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلما ئامىللىرىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىدا كۆرۈنگەن ياكى ئىخچاملانغانلىقىغا قاراپ، تەپسىلىي ئوخشىتىش ۋە ئىخچام ئوخشىتىش دەپ بۆلۈنىدۇ.

ئوخشالغۇچى، ئوخشىتىش سۆزلىرى ۋە قوشۇمچىسى قاتارلىق ئامىللار تاشقى قۇرۇلمىدا تولۇق كۆرۈنگەن ئوخشىتىش شەكلى تەپسىلىي ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىق ئوخشىتىش قۇرۇلما جەھەتتىن تەپسىلىي ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



« تۆمۈرتاي جىلغىسى مانا شۇ يايلاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ گويا بىرىنچى تىلىمى پىچىلغان قوغۇننىڭ تىلىم قىنىغا ئوخشايتتى.»

(مۇھەممەد باغراش :«ئاقساق بۇغا»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «تۆمۈرتاي جىلغىسى»، ئوخشىغۇچى «بىرىنچى تىلىمى پىچىلغان قوغۇننىڭ تىلىم قىنى»، ئوخشىتىش سۆزى «گويا... ئوخشايتتى» دېگەنلەر بولۇپ، ئوخشىتىشنىڭ ئۈچ ئامىلى تولۇق كۆرۈنگەن، شۇڭا، بۇ تەپسىلىي ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشالغۇچى، ئوخشىتىش سۆزلىرى ۋە قوشۇمچىسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ بىرقىسىملىرىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىدا كۆرۈنمەيدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئىخچام ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىشلار قۇرۇلما جەھەتتىن ئىخچام ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

« سۆيگۈ چىراغ ماڭا قارا تۈنلەردە،
سۆيگۈ ھەمراھ مەن يېگانە يۇرگەندە.
سۆيگۈ تىرەك بورانلاردا يىقىلسام،
سۆيگۈ بۇلاق چاڭقىغاندا چۆللەردە.»

(نىجات سوپى : «سۆيگۈ»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «سۆيگۈ» ئارقا-ئارقىدىن «چىراغ، ھەمراھ، تىرەك، بۇلاق» قاتارلىق شەيئىلەرگە ئوخشىتىلىدۇ، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئوخشىتىش سۆزى يوق. ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىلىرىنىڭ قىسقىرىغانلىقى بىلەن بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ ھەممىسى ئىخچام ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىغۇچىدىنلا تەركىب تاپقان ئىخچام ئوخشىتىش بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ئېنىقلاش-ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

ئىنقلاش ئوخشىتىش ۋە تەۋەلىك ئوخشىتىش

ئوخشىغۇچى ئوخشالغۇچىنى ئىنقلاپ كەلگەن ئىخچام ئوخشىتىش ئىنقلاش ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« ئاي خېنىم، ئالتۇن خېنىم،
تىللا بويۇڭدىن ئۆرگىلەي.
ئىشقى ئوتۇڭدا مەن سېنى،
پەرۋانىدەك چۆرگىلەي.»

(قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن)

بۇ مىسالدىكى، «ئاي خېنىم، ئالتۇن خېنىم، تىللا بوي» دېگەن ئىخچام ئوخشىتىشتا ئوخشىغۇچى «تىللا» ئوخشالغۇچى «بوي»نى ئىنقلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئوخشىتىش ئىنقلاش ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشىغۇچى ئوخشالغۇچىنى ئىنقلاپ كەلمەستىن، ئەكسىچە ئوخشىغۇچى ئوخشالغۇچىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى ئوخشالغۇچىغا ئىنقلىتىپ كېلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى تەۋەلىك ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

«شەرۇللا خېنىم مايىللىشۇر،
ئىككى قاشىغا.
قاش يايى، كىرپىك ئوقى،
تۇرسا ئاتارغا.»

(قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن)

بۇ مىسالدىكى ئەسلىدە ئوخشالغۇچى بولىدىغان «قاش، كىرپىك» دېگەنلەر ئىنقلانغۇچىلىق ئورنىنى يوقىتىپ، «يا، ئوق» قاتارلىق ئوخشىغۇچىلارغا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقلىغۇچىسى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، بۇلار تەۋەلىك ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(2) تەستىقىي ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، ئىنكار ـ تەستىقىي ئوخشىتىش، تەستىقىي ـ ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي ـ ئىنكار ـ تەستىقىي ئوخشىتىش

ئوخشىتىشلارنى تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش نۇقتىسىدىن تەستىقىي ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، ئىنكار ـ تەستىقىي ئوخشىتىش، تەستىقىي ـ ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي ـ ئىنكار ـ تەستىقىي ئوخشىتىش دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئوخشالغۇچىنىڭ ئوخشىغۇچىغا ئوخشايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى تەستىقىي ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« ــ مەرۇپ تاغا، سىنىغۇ تونۇيدۇ، ماۋۇ مۇخبىر ئاكىمىزنى نەدىن تونىسۇن؟ ـ دېدى، قىز ماڭا قاراپ، سەدەپتەك تەكشى چىشلىرىنى ئېچىپ.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «نەي ئاۋازى»)

بۇ مىسالدا، قىزنىڭ چىشىنىڭ سەدەپكە ئوخشايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تەستىقىي ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشالغۇچىنىڭ ئوخشىغۇچىغا ئوخشايدىغانلىقى قارىماققا ئىنكار قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئىنكار ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« ــ ئۇغۇ شۇنداق، ــ دېدى مۇدىر، ــ لېكىن، ئادەم دېگەن كۆرۈنگەنلا گۈلگە قونىۋالىدىغان كېپىنەك ئەمەس ـ دە! »

(مەمتىمىن ھوشۇر:«ناخشا»)

بۇ مىسالدا، ئادەم تەبىئىتىنىڭ كېپىنەككە ئوخشايدىغانلىقى ئىنكار قىلىنىپ، بەلكى ئۇنىڭدىن ئالىيجاناب ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىنكار ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشالغۇچىنىڭ ئاۋۋال مەلۇم نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى ئىنكار قىلىنىپ، ئاندىن باشقا بىر نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى

مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئىنكار- تەستىقىي ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« ئۇنىڭ ناخشىلىرى تاغ سۇلىرىدەك ھەيۋەتلىك گۈركىرىمەستىن، سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدەك كىشىنى ئەركىلىتىپ ئۆتەتتى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ناخشا»)

« ئۇنىڭ ئاۋاز دولقۇنى، ھېسسىيات ئىپادىسى شارقىراتمىدەك شىددەتلىك ياكى دولقۇندەك شاۋقۇنلۇق ئەمەس، بەلكى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق ئىدى.»

(«قەبرىگە قويۇلغان گۈللەر»، 197 ـ بەت)

« بۇ قاراشلار ماتېرىيالىستىك پەلسەپىگە زىت ئەمەس. ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ئىختىرانىڭ چەكلىگۈچىسى، تەپەككۇرنىڭ زىندانى ئەمەس، ئۇ ئىلھاملاندۇرغۇچى ۋە ئۆزىنى تولۇقلىغۇچى، كەمتەرلىك بىلەن يېتەكلىگۈچى.»

(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن)

بىرىنچى مىسالدا، «ئۇنىڭ ئاۋازى»نىڭ «تاغ سۇلىرىدەك ھەيۋەتلىك گۈكرەيدىغانلىقى» ئىنكار قىلىنىپ، «سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدەك كىشىنى ئەركىلىتىپ ئۆتىدىغانلىقى» مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىككىنچى مىسالدا، «ئۇنىڭ ئاۋاز دولقۇنى، ھېسسىيات ئىپادىسى»نىڭ «شارقىراتمىدەك شىددەتلىك ياكى دولقۇنلۇق، شاۋقۇنلۇق» ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنىپ، «بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق» ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۈچىنچى مىسالدا، «ماتېرىيالىستىك پەلسەپە»نىڭ «ئىختىرانىڭ چەكلىگۈچىسى، تەپەككۇرنىڭ زىندانى» ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنىپ، «ئىلھاملاندۇرغۇچى، ئۆزىنى تولۇقلىغۇچى، كەمتەرلىك بىلەن يېتەكلىگۈچى» ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. دېمەك، ئۈچىلا مىسالدا، ئاۋۋال ئوخشالغۇچىنىڭ مەلۇم نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى ئىنكار قىلىنىپ، ئاندىن باشقا بىر نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇلار ئىنكار- تەستىقىي ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشالغۇچىنىڭ ئاۋۋال مەلۇم نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئارقىدىنلا بۇ ئىنكار قىلىنىدىغان ئوخشىتىش شەكلى تەستىقىي -ئىنكار ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« مەن شاختىن- شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان قۇشقاچ بولۇپ قالدىمۇ؟ ياق. »

(مەمتىمىن ھوشۇر: «قىزنىڭ قەلبى»)

بۇ مىسالدا، ئاۋۋال «مەن» سوئال شەكلىدە «قۇشقاچ»قا ئوخشىتىلىپ، ئارقىدىن ئۇنداق ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنغان.

ئوخشالغۇچىنىڭ ئاۋۋال بىر نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى كۆرسىتىلىپ، ئارقىدىنلا بۇ ئىنكار قىلىنىپ، ئاندىن باشقا بىر نەرسىگە ئوخشايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى تەستىقىي- ئىنكار- تەستىقىي ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« مەن پەسىللەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئوخشاش ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈزەل تاغ گۈلى،- دەپ جاۋاب بېرەتتىمىڭ. ئەمدى بىلدىمكى، سەن قارلىق چوققىلاردا مەڭگۈ ئېچىلىپ تۇرىدىغان مەغرۇر تاغ گۈلى ئەمەس، دېرىزىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كۈننىڭ خىرە شولىسىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمىگەن قاچا گۈلى ئىكەنسەن.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «سىناش»)

بۇنىڭدا، ئاۋۋال «قىز»نىڭ «تاغ گۈلى» گە ئوخشايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ، ئاندىن بۇ ئىنكار قىلىنىدۇ، ئارقىدىن ئۇنىڭ «قاچا گۈلى»گە ئوخشايدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ تەستىقىي - ئىنكار- تەستىقىي ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

(3) تاق ئوخشىتىش ۋە كۆپ ئوخشىتىش

بىر ئوخشالغۇچىغا قارىتىلغان ئوخشىغۇچى سانىنىڭ بىر ياكى كۆپلۈكىگە قاراپ، ئوخشىتىشلارنى تاق ئوخشىتىش ۋە كۆپ ئوخشىتىش دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىر ئوخشالغۇچىغا بىر ئوخشىغۇچى توغرا كېلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى تاق ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

«بوھتان، تۆھمەت ھەممە تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ئۆشىشۈك ھەرىسىدەك غوڭۇلداپ، ئۇنىڭ ئۇچرىغانلا يېرىنى چېقىپ، ئازابلاپ، جېنىنى قاقشىتىشقا باشلىدى.»

(«تارىم» 1992 ـ يىل 2 ـ سان، 54 ـ بەت)

«كۆزۈمنى ئاچسام بىر ساھىبجامال ئولتۇرۇپتۇ، شامالدا ئۇنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى يىپەكتەك يۇمشاق يەلپۈنۈپ تۇرغۇدەك.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە»)

ئالدىنقى مىسالدا، ئوخشالغۇچى «بوھتان، تۆھمەتلەر» بىرلا ئوخشىغۇچى «ئۇۋىسى بۇزۇلغان ئۆشىشۈك ھەرىسى»گە ئوخشىتىلغان. كېيىنكى مىسالدا، «قىزنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى» بىرلا ئوخشىغۇچى «يىپەك»كە ئوخشىتىلغان. بۇلار تاق ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

بىر ئوخشالغۇچىغا بىرقانچە ئوخشىغۇچى توغرا كېلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى كۆپ ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك ساپ ۋە تەبىئىي، گوياكى ياش دەرەخنىڭ نوتىسىدەك ئەۋرىشىم ۋە مەي بولۇپ پىشقان ئۈجمىنىڭ شىرنىسىدەك شېرىن ئىدى، خۇددى يىراقتىن ئاڭلانغان نەي ئاۋازىدەك كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر ۋە ئارام بېغىشلايتتى.»

(زوردۇن سابىر:«ساداقەت» توپلىمى، 41 ـ بەت)

بۇ مىسالدا، «ئۇنىڭ ئاۋازى»نى ئەۋرىشىملىكتە «ياش دەرەخنىڭ نوتىسى»غا، شېرىنلىكتە «مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىنىڭ شىرنى» سىگە، ھۇزۇر ۋە ئارام بېغىشلاشتا «يىراقتىن ئاڭلانغان نەي ئاۋازى»غا ئوخشاتقان. بۇنداق بىر شەيئىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە شەيئىگە ئوخشىتىش كۆپ ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆپ ئوخشىتىش ئوخشالغۇچىنى ئوخشىمىغان تۇرغۇدىن بىر قانچە ئوخشىغۇچىغا ئوخشاتقانلىقى ياكى ئوخشالغۇچىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئوخشىغۇچىلارغا ئوخشاتقانلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

تەكرار ئوخشىتىش ۋە چاتما ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچىنى ئوخشىمىغان تۇرغۇدىن بىرقانچە ئوخشىغۇچىغا ئوخشىتىدىغان كۆپ ئوخشىتىش شەكلى تەكرار ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

«قىزنىڭ كۆزىدە خەتەرگە يولۇققان توشقاننىڭ كۆزىدىكى ھوشيارلىق، ئۈركىگەن كېيىكنىڭ كۆزىدىكى يېتىرقاش، قوزىسىنى يالاۋاتقان قوينىڭ كۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى...»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «بۇ چۈش ئەمەس»)

«قىزنىڭ ئاۋازى تورغايىنىڭكىدەك زىل، تەمبۇر ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئىدى.»

(زوردۇن سابىر: «ئاۋرال شاماللىرى»)

ئالدىنقى مىسالدا، قىزنىڭ كۆزىدىكى ئىپادىنى «خەتەرگە يولۇققان توشقاننىڭ كۆزىدىكى ھوشيارلىق»قا، «ئۈركىگەن كېيىكنىڭ كۆزىدىكى يېتىرقاش»قا، «قوزىسىنى يالاۋاتقان قوينىڭ كۆزىدىكى مۇلايىملىق»قا ئوخشاتقان. كېيىنكى مىسالدا، قىزنىڭ ئاۋازىنى زىللىقتا «تورغاينىڭ ئاۋازى»غا، جاراڭلىقلىقتا «تەمبۇرنىڭ ئاۋازى»غا ئوخشاتقان. ھەر ئىككى مىسالدا ئوخشالغۇچى شەيئى ئوخشىمىغان تۇرغۇدىن بىرقانچە ئوخشىغۇچىغا ئوخشىتىلغان، شۇڭا، بۇلار تەكرار ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشالغۇچى شەيئىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقا-باشقا شەيئىلەرگە ئوخشىتىلىدىغان كۆپ ئوخشىتىش شەكلى چاتما ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

«سوزۇلۇپ ئۆزارغان تانابتەك ئىنچىكە بويۇن، چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان، نۇرلىرى ئۆچۈپ چەكچەيگەن كۆز، ئاق

ئالمىدەك تاتارغان چىراي... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دائىم گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.»

(«تارىم»، 1989 ـ يىل 9 ـ سان، 98 ـ بەت)

«ئۇ بۇقىنىڭكىدەك تورۇلۇپ كەتكەن بوينى، بەئەينى قويۇلغان ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇرغان گۆشلۈك مەڭزى، خۇددى قومۇش يىپرىقىدەك كىچىكلەپ كەتكەن كۆزلىرىگە ساڭگىلاپ تۇرغان شالاڭ قاپاقلىرىدىن قويۇلۇپ تۇرغان تەرلىرىنى ھېلىدىن ھېلىغا سۈرتۈپ، بىر ھازاغىچە ئەسنەپ ئولتۇرۇپ كەتتى.»

(«غەيرەت ئابدۇللا: «تىيانشان بويلاپ»، 159 ـ بەت)

«بەزىدە ئۇ سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىنى، گىلاستەك قىزىل، پىيازنىڭ پوستىدەك نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىقىرىپ تەبەسسۇم قىلاتتى، بەزىدە قىياقتەك قاشلىرى ئارىسىدىكى ئوقيا كىرپىكلىك شەھلا كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ لاپپىدە قاراپ قوياتتى، بەزىدە سىياھداندەك قارا سۇمبۇل چاچلىرىنى پىلىدەك يۇمشاق ھەم نازۇك بارماقلىرى بىلەن سىلاپ قوياتتى.»

(«چىن مۇھەببەت ئۇچۇن»، 16 ـ بەت)

بىرىنچى مىسالدا، ئەسەر قەھرىمانىنىڭ بوينىنىڭ ئىنچىكىلىكىنى «سوزۇلۇپ ئۆزارغان تاناب»قا، تاتارغان چىرايىنى «ئاق ئالما»غا ئوخشاتقان. ئىككىنچى مىسالدا، يەنە بىر قەھرىماننىڭ بوينىنى «بۇقىنىڭ تورۇلۇپ كەتكەن بوينى»غا، لىغىرلاپ تۇرغان گۆشلۈك مەڭزىنى «قويۇلغان ئۆپكە»گە، كىچىكلەپ كەتكەن كۆزلىرىنى «قومۇش يىپرىقى»غا ئوخشاتقان. ئۈچىنچى مىسالدا، قىزنىڭ چىشىنى ئاقلىقتا «سەدەپ»كە، لەۋلىرىنى قىزىللىقتا «گىلاس»قا، نېپىزلىكتە «پىيازنىڭ پوستى»غا، قاشلىرىنى «قىياق»قا، كىرپىكلىرىنى «ئوقيا»غا، چاچلىرىنى قارىلىقتا «سىياھدان»غا، ئۇزۇنلۇقتا «سۇمبۇل»غا، بارماقلىرىنىڭ يۇمشاق ۋە نازۇكلۇقىنى «پىلى»گە ئوخشاتقان. يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشالغۇچى ئادەمنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى بولۇپ، چوڭ جەھەتتە بىر گەۋدە بولسىمۇ، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەتتە ئايرىم ـ ئايرىم ئەزالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر ئەزا ئۆز ئالدىغا ئوخشىمىغان شەيئىلەرگە ئوخشىتىلىپ، كۆپ ئوخشىتىش بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. بۇنداق كۆپ ئوخشىتىش چاتما ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

كۆپ ئوخشىتىش تەركىبىدىكى ھەر قايسى ئوخشىتىشلارنىڭ تەڭداش ياكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەنلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

تەڭداش ئوخشىتىش ۋە بېقىندىلىق ئوخشىتىش

ئالدىنقى ئوخشىتىش بىلەن كېيىنكى ئوخشىتىش تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن كۆپ ئوخشىتىش شەكلى تەڭداش ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« مەن ئۇنى تونۇدۇم، ئۇ ئۇششاق ئۆرۈلگەن قويۇق قارا چاچلىق، پىستە كۆزلۈك، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزارغان سۇمباتلىق باھار ئىدى.»

(زونۇن قادىر: «ماغدۇر كەتكەندە»)

بۇ مىسالدا، قىزنىڭ كۆزىنى «پىستە»گە، لەۋلىرىنىڭ قىزىللىقىنى «جىنەستە»گە ئوخشاتقان. ئالدىنقى ئوخشىتىش بىلەن كېيىنكى ئوخشىتىش ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى شەرت قىلمىغان، ئالدىنقىسى بولمىسىمۇ كېيىنكىسىنى ئايرىم قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ تەڭداش ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

كېيىنكى ئوخشىتىش ئالدىنقى ئوخشىتىشقا بېقىنىدىغان ياكى كېيىنكىسى ئالدىنقىسى ئاساسىدا كېڭىيىپ چىققان كۆپ ئوخشىتىش شەكلى بېقىندىلىق ئوخشىتىش ياكى كېڭەيمە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

بېقىندىلىق ئوخشىتىشتا، ئالدىنقى ئوخشىتىشتىكى ھالەت كېيىنكى ئوخشىتىشتىكى ھالەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ، ئالدىنقى ئوخشىتىش بولمىسا، كېيىنكى ئوخشىتىش

بولمايدۇ. ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسى ئوتتۇرىسىدا سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولىدۇ.

« بۇغداي مايسىلىرى تاختا بولۇپ يەلپۈنۈشكە باشلىغان چاغلاردا تۆپىلىكتە تۇرۇپ قارىسىڭىز، بۇ مەھەللە دولقۇنلاپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر ئارالغا ئوخشىشىپ قالىدۇ.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە»)

«دېڭىزدەك قۇچىقىڭدا مەن بىر بېلىق،

جەننەتتەك گۈلشىنىڭدە كېپىنەكمەن.»

(«تارىم» 1988 - يىل 5 - سان، 36 - بەت)

« ئېلىم سەن خۇددى بىر سۇمرۇغ، كۈمۈش تاغلار قاناتىڭدۇر،

قىياس قىلماق ئۆلۈمدىن مىڭ يامان چارچاش - ھارارىڭنى.»

(«ياشلىق يۇلتۇزلىرى»، 57 - بەت)

بىرىنچى مىسالدا، ئاۋۋال كەڭ زېمىن «دولقۇنلاپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىز»غا ئوخشىتىلىپ، ئاندىن بۇ مەھەللە شۇ كەڭ زېمىندىكى «كىچىك بىر ئارال»غا ئوخشىتىلغان. زېمىننى دېڭىزغا ئوخشىتىش، مەھەللىنى ئارالغا ئوخشىتىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن. ئىككىنچى مىسالدا، ۋەتەننى «دېڭىز»غا، ئۆزىنى شۇ دېڭىزدىكى «بېلىق»قا، ۋەتەننى «گۈلشەن»گە، ئۆزىنى شۇ گۈلشەندىكى «كېپىنەك»كە ئوخشاتقان. ۋەتەننى «دېڭىزغا، گۈلشەنگە» ئوخشىتىش مەۋجۇت بولمىسا، ئۆزىنى «بېلىققا، كېپىنەككە» ئوخشىتىش مەۋجۇت بولمايدۇ، كېيىنكى ئوخشىتىشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئالدىنقى ئوخشىتىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تايىنىدۇ. ئۈچىنچى مىسالدا، ئەل-ۋەتەننى «سۇمرۇغ»قا، تاغلارنى ئۇنىڭ «قانىتى»غا ئوخشىتىدۇ، ئېنىقكى، سۇمرۇغقا ئوخشىتىش مەۋجۇت بولمىسا، ئۇنىڭ قانىتىغا ئوخشىتىش مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا كېيىنكى ئوخشىتىشنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئالدىنقى ئوخشىتىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ مىساللاردىكى كۆپ ئوخشىتىشلار كېڭەيمە ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆپ ئوخشىتىشلارنىڭ بەزىلىرىدە كۆپ خىل ئەھۋالنىڭ ھەممىسى تاللانسا، بەزىلىرىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم خىل ئەھۋال تاللىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، كۆپ ئوخشىتىش تۆۋەندىكىدەك ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

كۆپ تەرەپلىمە ئوخشىتىش ۋە تاللىما ئوخشىتىش

تەركىبىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ھەممىسى تاللىنىدىغان كۆپ ئوخشىتىش شەكلى كۆپ تەرەپلىمە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« يەنە بىر قارىساڭ، ئۇ بېشىغا نېپىز ياغلىق چىگكەن گۈزەل قىزغا، چوققىلار ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىگە، چىچەكلەرگە پۈركەنگەن تاغ ئېتەكلىرى ئۇنىڭ گۈللۈك كۆڭلىكىگە ئوخشايتتى.»

(مەتتىمىن ھوشۇر: «ئۇنتۇلماس كۈنلەر» ئەسلىمىسى)

بۇ مىسالدا، تاغ «گۈزەل قىز»غا، چوققىلار «ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى»گە، تاغ ئېتەكلىرى ئۇنىڭ «گۈللۈك كۆڭلىكى»گە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ كۆپ ئوخشىتىشتا، ھەر قايسى ئوخشىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىنىدىغان تەرەپلەر بولۇپ، بۇ كۆپ تەرەپلىمە ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

تەركىبىدىكى ئوخشىتىشلاردىن مەلۇملىرى تاللاپ قوبۇل قىلىنىدىغان كۆپ ئوخشىتىش شەكلى تاللىما ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« شۇ چاغدىكى ئەھۋالىم بارلىق دەسمايىسىنى يىغىپ تاۋكاغا قاراپ ماڭغان قىمارۋازنىڭ، ھالىغا باقماي شامال تۈگمىنىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان دونكىخوتنىڭ ياكى ياۋروپادىن يېڭى قىتئە ئىزدەپ يولغا چىققان بىر تەۋەككۇلچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى.»

(مەتتىمىن ھوشۇر: «ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس»)

بۇ مىسالدا، ئەسەردىكى باش قەھرىماننىڭ چوڭ ئىشلار ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغان چاغدىكى ئەھۋالى «ھالىغا باقماي شامال تۈگمىنىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان دونكىخوتنىڭ ئەھۋالى»غا ياكى «ياۋروپادىن يېڭى قىتئە ئىزدەپ يولغا چىققان بىر تەۋەككۇلچىنىڭ ئەھۋالى»غا تاللاپ

ئوخشىتىلغان، «يا ئۈنىڭغا ئوخشايدۇ، يا بۇنىڭغا ئوخشايدۇ» شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرىنى تاللاش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلايدۇ. كىتابخانلار ئۆزلىرىنىڭ تونۇش دائىرىسى ئاساسىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرىنى تاللاپ، ئوخشالغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالسا بولىدۇ.

(4) قاتلامسىز ئوخشىتىش ۋە قاتلاملىق ئوخشىتىش

ئوخشىتىشلار قۇرۇلما قاتلىمى نۇقتىسىدىن قاتلامسىز ئوخشىتىش ۋە قاتلاملىق ئوخشىتىشقا بۆلىنىدۇ.

بىرلا قاتلامدىن تۈزۈلگەن ئوخشىتىش شەكلى قاتلامسىز ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« دىلەيساخاننىڭ ئاغزىدىن غەزەپ ۋە ئاچچىق سۆزلەر قىزىغان قازاننىڭ قومىچىدەك كەينى-كەينىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى.»

(«زوردۇن سابىر: «ئاۋرال شاماللىرى»، 455-بەت)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «غەزەپ ۋە ئاچچىق سۆزلەر» ئوخشىغۇچى «قىزىغان قازاننىڭ قومىچى»غا ئوخشىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى قاتلاملىق يەنە بىر ئوخشىتىش مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا بۇ قاتلامسىز ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

بىردىن ئوشۇق قاتلامدىن تۈزۈلگەن ئوخشىتىش شەكلى قاتلاملىق ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

قاتلاملىق ئوخشىتىشتا، ئوخشالغۇچى بىرىنچى قاتلامدا مەلۇم شەيئىگە ئوخشىتىلىپ، ئاندىن ئىككىنچى قاتلامدا بۇ بىر پۈتۈن ئوخشىتىش بىر ئوخشالغۇچى سۈپىتىدە يەنە بىر شەيئىگە ئوخشىتىلىدۇ.

« ئاسماننىڭ قەھرىدە قاناتلىرىنى يىغىپ ئۆز ئۇۋىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان بۈركۈتنىڭ خۇددى ئۇشتەك چالغاندەك ۋىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.»

(جالالىدىن بەھرام: «مېھرىگىياھ»)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


« قىز پىسىڭگىدە كۈلىۋىدى، ئۇنىڭ ئالۇچىدەك قىزىل كالپۇكلىرى يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشاپ قالدى.»

(«كاككۇك يەنە سايرىدى»، 48 ـ بەت)

« ئاسمانغا ــ بۇلاقچى قۇيۇنغا قارىدىم، خۇددى قوراي ئىسىدەك رەڭگى سەت غۇژمەك قۇيۇن چاۋا ـ چاتقال ئارىسىغا مىنىڭ قالپىقىم بىلەن بۇركۇتۇمنى ئوراپ ۋاژىلداپ ئۆرلىمەكتە.»

(زوردۇن سابىر: «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، 72 ـ بەت)

ئالدىنقى مىسالدا، ئاۋۋال ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بۇركۇت «ئېتىلغان ئوق»قا ئوخشىتىلىدۇ، ئاندىن ئىككىنچى قاتلامدا مۇشۇنداق سۈپەتتىكى بۇركۇتنىڭ ئاۋازى «ئۇشتەكنىڭ ئاۋازى»غا ئوخشىتىلىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا، بىرىنچى قاتلامدا قىزنىڭ كالپۇكنىڭ قىزىللىقى ئالۇچىغا ئوخشىتىلغان، ئاندىن ئىككىنچى قاتلامدا، مۇشۇ ئالۇچىدەك كالپۇكىنىڭ كۈلگەن چاغدىكى ھالىتى قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشىتىلغان. ئاخىرقى مىسالدا، قۇيۇن بىرىنچى قاتلامدا بۇلاقچىغا ئوخشىتىلغان، ئىككىنچى قاتلامدا، بۇ بۇلاقچى قۇيۇننىڭ رەڭگى سەتلىكتە قوراي ئىسىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىتىلغان.

(5) تەرتىپلىك ئوخشىتىش ۋە چېكىنمە ئوخشىتىش

ئوخشىتىشلار ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىپىگە قاراپ تەرتىپلىك ئوخشىتىش ۋە چېكىنمە ئوخشىتىش دەپ بۆلىنىدۇ.

ئوخشالغۇچىسى ئالدىدا، ئوخشىغۇچىسى كەينىدە كەلگەن ئوخشىتىش شەكلى تەرتىپلىك ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

تەرتىپلىك ئوخشىتىشنىڭ فورمىسى: SOB

« خېلىلا كىچىك بولسام كېرەك، ئۇنىڭ مال قاچىلايدىغان تاغىرى ماشا چۆچەكلەردىكى سىرلىق داستىخاندەك بىلىنەتتى.»

(مەتىمىن ھوشۇر: «گۈللىگەن دالا»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «مال قاچىلايدىغان تاغار» ئالدىدا، ئوخشىغۇچى «چوڭچەكلەردىكى سىرلىق داستىخان» كەينىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ ئوخشىتىش تەرتىپلىك ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشالغۇچىسى كەينىدە، ئوخشىغۇچىسى ئالدىدا كەلگەن ئوخشىتىش شەكلى چېكىنمە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

چېكىنمە ئوخشىتىشنىڭ فورمىسى: OBS

« قىرانلىقنىڭ جەۋلانى بىلەن،
شېرىن چۈشتەك ئۆتتى بۇ يىللار.
يۈرەكلەرنىڭ چېكىپ تارىنى،
قول تۇتۇشتى، نازۇك، پاك دىللار.»

(«تارىم»، 1989 ـ يىل 1 ـ سان، 41 ـ بەت)

« بۇ سويما چىرايىنىڭ ياپما كەپتەردەك ماڭلىيى ئالغاي كۆزلىرىنى ئامىللاشتۇرۇپ يېپىپ تۇراتتى، ئۇ ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، خۇددى كىرىپچى ئۇزۇلگەن يادەك بىر يېنىغا ئېگىلىپ قالغانىدى.»

(تۇردى ساماساق: «ۋىجدان ئازابى»، 249 ـ بەت)

ئالدىنقى مىسالدىكى «شېرىن چۈشتەك ئۆتتى بۇ يىللار» دېگەن ئوخشىتىشتا، ئوخشالغۇچى «يىللارنىڭ ئۆتۈشى» كەينىدە، ئوخشىغۇچى «شېرىن چۈش» ئالدىدا كەلگەن. كېيىنكى مىسالدىكى «ياپما كەپتەردەك ماڭلاي» دېگەن ئوخشىتىشتىمۇ ئوخشالغۇچى «ماڭلاي» كەينىدە، ئوخشىغۇچى «ياپما كەپتەر» ئالدىدا كەلگەن. ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىپى نۇقتىسىدىن بۇ ئىككى ئوخشىتىش چېكىنمە ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

(6) ئوڭ ئوخشىتىش، تەتۈر ئوخشىتىش ۋە ئۆزئارا ئوخشىتىش

ئوخشىتىشلار ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ قايسىسىنىڭ قايسىسىغا ئوخشىتىلغانلىقى نۇقتىسىدىن ئوڭ ئوخشىتىش، تەتۈر ئوخشىتىش ۋە ئۆزئارا ئوخشىتىش دەپ بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئوخشالغۇچى ئوخشىغۇچىغا ئوخشىتىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئوڭ ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشالغۇچىنى ئوخشىغۇچىغا ئوخشىتىش ئوخشىتىشلاردىكى نورمال تەرتىپ بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوخشىتىشلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. «ئوخشالغۇچى»، «ئوخشىغۇچى» دېگەن ناملاردىنمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

« ئۇلار ئادەمگە ئەمەس، ئازاب ۋە ئاغرىق ھېس قىلمايدىغان تۈۋرۈككە مۇشت ئېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى ـ دە، نېمىشقىدۇر ئۆزلىرىمۇ توختاپ قېلىشتى.»

(«مەمتىمىن ھوشۇر: «بۇ چۈش ئەمەس»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «ئادەم» ئوخشىغۇچى «تۈۋرۈك»كە ئوخشىتىلغان، بۇ ئوخشىتىشنىڭ نورمال تەرتىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ ئوڭ ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشىغۇچى ئوخشالغۇچىغا ئوخشىتىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى تەتۈر ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

قارىماققا تەتۈر ئوخشىتىشنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى ئوخشىتىشنىڭ نورمال تەرتىپىگە خىلاپتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئىچكى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىمۇ يەنىلا ئوخشالغۇچى ئوخشىغۇچىغا ئوخشىتىلىدۇ، كىتابخانلار بىر پۈتۈن جۈملىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوبدان مۇلاھىزە قىلسا بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

« ـــ قاغا دېگەن ئاسماندا ئۇچماي، سىزگە ئوخشاش ئوردا ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، دېۋىدىڭىزمۇ؟ »

(مەمتىمىن ھوشۇر: «شاھ ۋە قاغا»)

بۇ ئوخشىتىشتا، قارىماققا قاغا ئادەمگە ئوخشىتىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ماھىيەتتە بۇ يەردە ئادەم قاغىغا ئوخشىتىلىۋاتىدۇ.

ئاۋۋال بىر شەيئى ئوخشالغۇچى سۈپىتىدە ئىككىنچى شەيئىگە ئوخشىتىلىدىغان، ئاندىن ئىككىنچى شەيئى ئوخشالغۇچى قىلىنىپ،

بىرىنچى شەيئىگە ئوخشىتىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئۆزئارا ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزئارا ئوخشىتىشتا، بىر جۈپ ئوخشىتىش مەۋجۇت بولۇپ، بىرىنچى ئوخشىتىشتىكى ئوخشالغۇچى ئىككىنچى ئوخشىتىشتا ئوخشىغۇچى قىلىنىدۇ، بىرىنچى ئوخشىتىشتىكى ئوخشىغۇچى ئىككىنچى ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى قىلىنىدۇ. قۇرۇلما فورمىسى: «a شەيئى b غا ئوخشايدۇ، b شەيئى a غا ئوخشايدۇ.»

« بەزىلەر: ھېلىقى قوماندان ئادەم يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ ئادەمگە ئايلىنىۋاتقان چوشقا ئىكەن، دېسە؛ يەنە بەزىلەر: چوشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ چوشقىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان ئادەمكەن، دېيىشەتتى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «چوشقىلارغا بايرام»)

بۇ مىسالدا ئاۋۋال ئادەم چوشقىغا ئوخشىتىلسا، ئارقىدىنلا چوشقا ئادەمگە ئوخشىتىلىدۇ. بىرىنچى ئوخشىتىشتىكى ئوخشالغۇچى ئىككىنچى ئوخشىتىشتا ئوخشىغۇچى ئورنىغا، بىرىنچى ئوخشىتىشتىكى ئوخشىغۇچى ئىككىنچى ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى ئورنىغا قويۇلغان.

(7) ئوخشاتما ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرما ئوخشىتىش

ئادەتتە، ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ، بەزى ئوخشىتىشلاردا ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىدىن باشقا يەنە سېلىشتۇرما مۇناسىۋەتمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئوخشىتىشلار ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما مۇناسىۋەتنىڭ بار-يوقلىقىغا قاراپ، ئوخشاتما ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرما ئوخشىتىش دەپ بۆلىنىدۇ.

ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىلا ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىش شەكلى ئوخشاتما ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



« ئاخشاملا مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدىن تارازىسى تەڭشەلمىگەن لەگلەكتەك يەڭداپ دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنى بوگۇن ھاراق تاشلاپتۇ، دېسە، ھەرقانداق ئادەم ئىشەنمەيدۇ ـ دە! »

(مەتىمىن ھوشۇر: «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «مەست ئادەمنىڭ مېڭىش ھالىتى» ئوخشىغۇچى « تارازىسى تەڭشەلمىگەن لەگلەك» كە ئوخشىتىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىلا مەۋجۇت . شۇڭا، بۇ ئوخشاتما ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ھەم سېلىشتۇرۇش، ھەم ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن ئوخشىتىش شەكلى سېلىشتۇرما ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

سېلىشتۇرما ئوخشىتىشتا، گەرچە ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مۇناسىۋەت يەنىلا ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى ئاساسىدا، ئۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا بولىدۇ. ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلىپ قالسا ئۇ ئوخشىتىش بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكى سېلىشتۇرۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

« بىر ئازدىن كېيىن بوراننىڭ شەپىسى كەلدى. بىز ئالما ئۈزۈش ئىشىغا بوراندىنمۇ تېز تېگىش قىلدۇق.»

(مەتىمىن ھوشۇر: «سىناش»)

بۇ مىسالدا، ئوخشالغۇچى «ئالما ئۈزۈش ھەرىكىتى»، ئوخشىغۇچى «بوران»، بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇتلۇقى ئېنىق، يەنى ئالما ئۈزۈش ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى بوراننىڭ تېزلىكىگە ئوخشىتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما مۇناسىۋەتمۇ مەۋجۇت ، يەنى ئالما ئۈزۈش ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى بىلەن بوراننىڭ تېزلىكى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئالما ئۈزۈش ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئوخشىتىش ھەم ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى، ھەم

سىلىشتۇرما مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن سىلىشتۇرما ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

سىلىشتۇرما ئوخشىتىش سىلىشتۇرۇش نەتىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ:

ئاشۇرما ئوخشىتىش، كېمەيتمە ئوخشىتىش ۋە تەڭلەشتۈرمە ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچىدىكى ئەھۋالنىڭ ئوخشىغۇچىدىكى ئەھۋالدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىلىدىغان سىلىشتۇرما ئوخشىتىش ئاشۇرما ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« بىز ئۈچۈن بۇ يەر ھەرقانداق پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ باغچىسىدىن راھەتلىكرەك ئىدى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئۆلۈككە خەت»)

بۇ مىسالدا، «مەن» تۇرىۋاتقان ئائىلىلىكلەر قورۇسى «پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ باغچىسى»غا ئوخشىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ «قورۇ» ھېلىقى «باغچە» بىلەن سىلىشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كىشىگە راھەت بېغىشلاشتا باغچىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئاشۇرما ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

« ئەگەر ئۇنى ( لازا ) دېيىش توغرا كەلسە، مەن ئۈچۈن ھەسەلدىنمۇ تاتلىق لازا ئىدى.»

(«قىزنىڭ قەلبى»)

بۇ مىسالدا، «ئۇ» (رەپىقەت)دىن ئىبارەت بۇ «لازا» ھەسەلگە ئوخشىتىلىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ «تاتلىقلىقى» ھەسەلنىڭ تاتلىقلىقىغا سىلىشتۇرىلىدۇ، ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيگەن سانىيە ئۈچۈن ئۇنىڭ «تاتلىقلىقى»نىڭ ھەسەلدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئوخشىتىشمۇ ئاشۇرما ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

« ھارامدىن كەلگەن يامبۇلار بۇ يەردە شاراقشىپ تۆكۈلۈپ سۇدەك ئاقاتتى. . . . ئاۋاتچىلىقتا كەلگەندە ئەينى يىللاردىكى ئورۇمچى شەھىرى ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(مەمتىمىن ھوشۇر: «تەيياباي»)

بۇ مىسالدا، ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى جايلاشقان كورە قەلئەسىنىڭ ئاۋاتلىقى ئەينى چاغدىكى ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋاتلىقىغا ئوخشىتىلىۋاتىدۇ. ھەمدە بۇ ئىككى جاينىڭ ئاۋاتلىقى سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق كورەنىڭ ئاۋاتلىقىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋاتلىقىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ئوخشىتىشتا، ئوخشالغۇچىنىڭ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى ئۇدۇل ئېيتىلماستىن، بەلكى ئوخشىغۇچىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇمۇ ئاشۇرما ئوخشىتىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل.

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشالغۇچىدىكى ئەھۋالنىڭ ئوخشىغۇچىدىكى ئەھۋالغا يەتمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلىدىغان سېلىشتۇرما ئوخشىتىش كېمەيتمە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« يالاق يالاش ئەسلىدە ئىت كەسپى، ئىت كەسپىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئادەم بەلكى ئىتتىنمۇ پەسكەش، رەزىل كېلىدۇ.»

( خېۋىر تۆمۈر )

بۇ مىسالدا، خۇشامەتچى ئادەم يالاق يالايدىغان ئىتقا ئوخشىتىلىدۇ، ھەمدە بۇنداق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىتتىنمۇ بەتتەرلىكى، ئىتقىمۇ يەتمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ كېمەيتمە ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشالغۇچىدىكى ئەھۋالنىڭ ئوخشىغۇچىدىكى ئەھۋال بىلەن تەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىلىدىغان سېلىشتۇرما ئوخشىتىش تەڭلەشتۈرمە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« بۇ خاس باغچىغا تاسادىپىي بىرەر نۆۋەت قەدەم بېسىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ قالسىڭىز، جەننەت دېگەن ھەرقانچە بولسا مۇشۇنچىلىك بولار، دەپ ئويلاپ قالىسىز.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «شاھ ۋە قاغا»)

بۇ مىسالدا، شاھنىڭ باغچىسى جەننەتكە ئوخشىتىلىدۇ، ھەمدە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق جەننەتكە تەڭلەشتۈرۈلىدۇ.

(8) ئۇدۇل ئوخشىتىش ۋە نەقىللىق ئوخشىتىش

ئوخشىتىشلار ئوخشالغۇچىنىڭ ئۇدۇل ئوخشىتىلغانلىقى ياكى بىرەر ئىش، بىرەر ھېكمەت نەقىل ئېلىنىپ ئوخشىتىلغانلىقى نۇقتىسىدىن ئۇدۇل ئوخشىتىش ۋە نەقىللىق ئوخشىتىش دەپ بۆلىنىدۇ.

ئوخشالغۇچى شەيئى بىرەر نەقىلنىڭ ياردىمىسىز، ئۇدۇل ئوخشىتىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئۇدۇل ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتى، بۇلاقتەك چىرايلىق كۆزلىرى ۋە يېيىلىپ چۈشكەن بوستان چاچلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم چۆچۈپ كېتەتتىم.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئاخىرقى سىناق»)

بۇ مىسالدا، قىزنىڭ كۆزلىرى چىرايلىقلىقتا «بۇلاق»قا، چاچلىرىنىڭ يېيىلىپ چۈشۈشى «بوستان»غا ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئوخشىتىش شەكلى ئۇدۇل، بۇنىڭدا ھېچقانداق نەقىل ئېلىنمىغان. شۇڭا، بۇ ئۇدۇل ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

بىرەر ئىش، بىرەر ھېكمەتنىڭ نەقىل ئېلىنىشى ئارقىلىق ئوخشىتىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى نەقىللىق ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« — خۇدايىم بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئەركەك، چىشى قىلىپ ياراتقانىكەن، مانا، كاككۇك بىلەن بۇلبۇللارمۇ قۇش چېغىدا ئاشىقنى سېغىنىپ سايرايدۇ... قاراڭ ئاۋۇ كېپىنەكلەرمۇ جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ يۈرۈپتۇ... ئىشەنسىڭىز سىزنى يەرمەنكىدە كۆرگەندىن بېرى كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق. ئىككىمىز بىر ياستۇقتا باش قويۇپ، بىر موردىن تۈتۈن چىقارساق، دەيمەن، قانداق قارايسىز؟ - دېدىم.»

(مەمتىمىن ھوشۇر : «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە»)

« تىپ-تىنچ دالىدىمۇ تۇيۇقسىز كۈچلۈك قۇيۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ، سۈزۈك ئاسماندا پەيدا بولغان كىچىك بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭمۇ بەزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دەھشەتلىك يامغۇرلارنى تۆكۈۋېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ... ئۆلۈم كۈنىنىڭ ئەتىسى ئايخاننىڭ كەيپىياتىدا غەلىتە ئۆزگىرىش بوپتۇ.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئايخان»)

«ھارۋىكەشلەر شاش ئاتلارنى يۈكنى كۆپ ئارتىپ كۆندۈرىدۇ. سېلىم موزدۇزنىڭ گاڭگۈڭلۈقمۇ يېشى چوڭايغانسېرى بېسىلىپ، جاھاندارچىلىقنىڭ ئېغىر يۈكى ئاخىر ئۇنى ياۋاش بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغانىدى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئايخان»)

بىرىنچى مىسالدا، قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنىڭ ھەقلىقلىقى «كاككۇك بىلەن بۇلبۇللارنىڭ قوش چېغىدا ئاشىقنى سېغىنىپ سايراۋاتقانلىقى، كېپىنەكلەرنىڭمۇ جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەنلىكى»نى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. جۈملىدىن، قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى «كاككۇك بىلەن بۇلبۇللارنىڭ ئاشىقنى سېغىنىشى»، «كېپىنەكلەرنىڭ جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇچۇپ يۈرۈشى»گە ئوخشىتىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا، ئايخاننىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ قانۇنىيىتى «تېپ-تىنچ دالىدىمۇ تۇيۇقسىز كۈچلۈك قۇيۇنلارنىڭ كۆتۈرۈلىدىغانلىقى، بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭمۇ بەزىدە دەھشەتلىك يامغۇرلارنى تۆكىۋېتىدىغانلىقى»غا ئوخشىتىلىدۇ، ھەمدە بۇ نەقىللەر ئارقىلىق ئايخاننىڭ كەيپىياتىدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنىڭ نورماللىقى دەلىللىنىدۇ. ئۈچىنچى مىسالدا، سېلىم موزدۇزنىڭ گاڭگۈڭلۈقىنىڭ جاھاندارچىلىقنىڭ ئېغىر يۈكى ئاستىدا يوقىلىپ، يېشى چوڭايغانسېرى بىر ياۋاش ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ھالىتى «ھارۋىكەشلەرنىڭ شاش ئاتلارنى يۈكنى كۆپ ئارتىپ كۆندۈرىدىغانلىقى»دىن ئىبارەت كۆندۈرۈش ئۇسۇلىغا ئوخشىتىلىدۇ، ھەمدە بۇ نەقىل ئارقىلىق سېلىم موزدۇزنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى كۆرسىتىلىدۇ. يۇقىرىقىلار ھەممىسى نەقىللىق ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

(9) كونكرېت ئوخشىتىش ۋە ئابستراكت ئوخشىتىش

ئوخشىغۇچىنىڭ كونكرېت ياكى ئابستراكت شەيئى بولۇشىغا قاراپ، ئوخشىتىشلار كونكرېت ئوخشىتىش ۋە ئابستراكت ئوخشىتىش دەپ بۆلىنىدۇ.

ئوخشىغۇچىسى كونكرېت شەيئىدىن ئىبارەت بولغان ئوخشىتىش شەكلى كونكرېت ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئابستراكت ئۇقۇم-چۈشەنچىلەرنى كونكرېت، ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئوخشىتىشنىڭ مۇھىم رولىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئادەتتە، نۇرغۇن ئوخشىتىشلار كونكرېت ئوخشىتىش شەكلىدە بولىدۇ.

« — يۈرت ئاتلاپ چىققان چوكان بوشمۇ، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەختەمنى سويغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويۇپ قاچىدۇ! »

(مەمتىمىن ھوشۇر: «كۆز يامغۇرى»)

بۇ مىسالدا، ئەختەمنىڭ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان قىياپىتى سويغان پىيازغا ئوخشىتىلغان، ئەسلىدىكى ئابستراكت ھالەت كونكرېت، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ كونكرېت ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشىغۇچىسى ئابستراكت شەيئىدىن ئىبارەت بولغان ئوخشىتىش شەكلى ئابستراكت ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇنداق ئوخشىتىشلاردا ئوخشىغۇچى ئابستراكت شەيئى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئوخشىغۇچى دائىم قوللىنىش نەتىجىسىدە كىشىلەرگە نىسبەتەن تونۇش تۇيۇلىدىغان شەيئىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، يەنىلا كونكرېت ئوخشىتىشتىكىدەكلا كىتابخانلارنىڭ ئوخشالغۇچى شەيئىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

« قىز بالا دېگەن شەيتاندەك تېز چوڭ بولۇپ ئۆزگىرىپلا كېتىدىكەن...»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە»)

« ... — قارا، بۇ قارىياغىچىڭنىڭ شاخلىرى ھەر تەرەپكە سالپىيىپ، جىن ئۇۋىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



(مەمتىمىن ھوشۇر: «كۆز يامغۇرى»)

بىرىنچى مىسالدا، ئوخشالغۇچى «قىز بالىنىڭ تېز چوڭ بولۇشى»دىن ئىبارەت ھادىسە ئابستراكت ئۇقۇم «شەيتان»غا ئوخشىتىلىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا، ئوخشالغۇچى «قارىياغاچ»تىن ئىبارەت كونكرېت شەيئى «جىن ئۇۋىسى»دىن ئىبارەت ئابستراكت شەيئىگە ئوخشىتىلغان. گەرچە، «شەيتان»، «جىن»، «جىن ئۇۋىسى» دېگەنلەر كونكرېت مەۋجۇت بولمىغان، پەقەت خۇراپىي چۈشەنچىدىكى خىيالىي ئۇقۇملار بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئەنە شۇنداق خۇراپىي نەرسىلەرگە مۇتلەق زور ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىشىنىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا شەيتاننىڭ بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقايدىغان، كىشىنى ئېزىقتۇرۇپ كېتىدىغانلىقى، جىننىڭ ئىنتايىن سەت، قورقۇنچلۇق قىياپىتى تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، خۇددى دائىم كۆرۈپ تۇرغان كونكرېت شەيئىلەردەك تونۇش بولۇپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ يەردە قىزنىڭ قانداق تېز چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكى، شاخلىرى چاتالماي، ئىرماش-چىرماش بولۇپ كەتكەن قارىياغاچنىڭ قىياپىتىنىڭ قانداقلىقى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا دەرھال نامايان بولىدۇ.

(10) تۈز ئوخشىتىش ۋە كىنايىلىك ئوخشىتىش

ئوخشىتىشلار ئوخشىغۇچىنىڭ ئۇسلۇب تۈسى نۇقتىسىدىن تۈز ئوخشىتىش ۋە كىنايىلىك ئوخشىتىش دەپ بۆلىنىدۇ.

ئوخشىتىش جەريانىغا ھەجۋىي تۈس قوشۇلمىغان، ئۇدۇل ئېيتىلغان ئوخشىتىش تۈز ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

« بۇ يەردە پۇلنى غازاڭدەك شاراقلىتىپ خەجلەۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ ھەۋىسىم كېلەتتى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «سودىسى ئاقىقان بىر دۇكان»)

بۇ مىسالدا، خەجلىنىۋاتقان پۇل كۆپلۈكى جەھەتتىن غازاڭغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، بۇ ئوخشىتىشقا ھېچقانداق ھەجۋىي تۈس قوشۇلمىغان. شۇڭا، ئۇ تۈز ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

ئوخشىتىش جەريانىغا ھەجۋىي تۈس قوشۇپ ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىش كىنايىلىك ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئېرى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئايجامال باغلاقتىن بوشىغان تېكىدەك لىككىدە سەكرەپ ئۇنئالغۇنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، غاچ ـ غۇچلا بىر لېنتىنى سېلىپ، ۋالس مۇزىكىسىنى ياڭرىتىۋەتتى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «دوستلار سۆھبىتى»)

« ئايجامال قولۇلىرىنى سانىڭ قانىتىدەك كېرىپ، قوپال گەۋدىسىنى كۈچەپ لىغىرلىتىپ، بىر قېشىنى ئاسمانغا، بىر قېشىنى يەرگە قىلىپ، ئۆينىڭ بوش قالغان يەرلىرىنى ئالا قويماي دەسسىگىلى تۇردى.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «دوستلار سۆھبىتى»)

« يائاللا، دوختۇر مۇنداق مۇزدەك خوتۇن بىلەن قانداقمۇ بىر ئورۇندا ياتار، دەپ قالدىم.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئالتۇن چىشلىق ئىت»)

« ئۇ راستىنلا توڭلاتقۇدا ساقلىغان گۆشتەك كۆكىرىپلا تۇرىدىغان خوتۇن ئىكەن.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئالتۇن چىشلىق ئىت»)

« ئاستى ـ ئۈستى كالپۇكىنى ھېلىقى مايمۇننىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىدەك قىلىپ قىپ ـ قىزىل بويىۋاپتۇ.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: «ئالتۇن چىشلىق ئىت»)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئوخشىتىشلارغا ئوخشىغۇچى قىلىپ ئېلىنغان شەيئىلەر بىلەن ئوخشالغۇچىنىڭ ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى ئىنچىكە چوڭقۇر ھەجۋىي قىلىنىش، مەسخىرە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ قىياپەت، ھەرىكەتلىرى خۇددى ھەجۋىي رەسىملەردىكىدەك كۆپتۈرۈپ، ھەجۋىيلەشتۈرۈپ ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىش بىلەن تەڭ ئاپتورنىڭ شۇ ئەسەرلەردىكى سەلبىي پېرسوناژلارغا بولغان نەپرىتى، مەسخىرىسى قوشۇپ ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ ئوخشىتىشلار كىنايىلىك ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

(11) ئوخشاشلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش ۋە پەرقلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش

ئوخشىتىشنى ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق نۇقتىلارنىڭ نىسبىتىگە ئاساسەن ئوخشاشلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش ۋە پەرقلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. (بۇ ھەقتە «ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسى» دېگەن بۆلەكتە تەپسىلىي سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ جايدا قايتا توختالمايمىز.)

(12) مەنداش ئوخشىتىش ۋە كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىش

ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى مەلۇم مەزمۇننى تاشقى قۇرۇلمىدا ئوخشىمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش مۇمكىن، بۇ چاغدا بىر قاتار مەنداش ئوخشىتىشلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئەكسىچە، ئىچكى قاتلىمى ئوخشىمىغان ئوخشىتىشلارنى ئوخشاش تاشقى قاتلام بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن، بۇ چاغدا كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىش مەيدانغا كېلىدۇ. (بۇ ھەقتە «ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسى» دېگەن بۆلەكتە تەپسىلىي سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ جايدا قايتا توختالمايمىز.)

چۈشىنىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئوخشىتىشنىڭ يۇقىرىقى شاخلانما تۈرلىرىنى تۆۋەندە جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسەتتۇق:

<table dir="rtl">
<tr><td rowspan="2">1</td><td colspan="2">تەپسىلىي ئوخشىتىش</td></tr>
<tr><td>ئىخچام ئوخشىتىش</td><td>ئېنىقلاش ئوخشىتىش، تەۋەلىك ئوخشىتىش</td></tr>
<tr><td>2</td><td colspan="2">تەستىقىي ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، ئىنكار- تەستىقىي ئوخشىتىش، تەستىقىي - ئىنكار ئوخشىتىش، تەستىقىي - ئىنكار- تەستىقىي ئوخشىتىش</td></tr>
</table>

| | | |
|---|---|---|
| 3 | تاق ئوخشىتىش | |
| | كۆپ ئوخشىتىش | تەكرار ئوخشىتىش، چاتما ئوخشىتىش |
| | | تەڭداش ئوخشىتىش، بېقىندى ئوخشىتىش |
| | | كۆپ تەرەپلىمە ئوخشىتىش، تاللىما ئوخشىتىش |
| 4 | قاتلامسىز ئوخشىتىش، قاتلاملىق ئوخشىتىش | |
| 5 | تەرتىپلىك ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش | |
| 6 | ئوڭ ئوخشىتىش ، تەتۈر ئوخشىتىش ، ئۆزئارا ئوخشىتىش | |
| 7 | ئوخشاتما ئوخشىتىش | |
| | سېلىشتۇرما ئوخشىتىش | ئاشۇرما ئوخشىتىش، كېمەيتمە ئوخشىتىش، تەڭلەشتۇرمە ئوخشىتىش |
| 8 | ئۇدۇل ئوخشىتىش، نەقىللىق ئوخشىتىش | |
| 9 | كونكرېت ئوخشىتىش، ئابستراكت ئوخشىتىش | |
| 10 | تۈز ئوخشىتىش، كىنايىلىك ئوخشىتىش | |
| 11 | ئوخشاشلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش، پەرقلىق نۇقتىسى كۆپ ئوخشىتىش | |
| 12 | مەنداش ئوخشىتىش، كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىش | |

ئوخشىتىشنىڭ شاخلانما تۈرلىرىنى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلىنىدۇ دېيەلمەيمىز. يەنە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىك، ئوخشىمىغان ئۆلچەملەر بويىچە ئوخشىتىشنى يەنە باشقا تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىز ھازىرغىچە بولغان تەتقىقاتىمىزنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە يۇقىرىقىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار بەلكىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 5. ئوخشىتىشنىڭ رولى

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ رولى بولىدۇ، ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردە ئوينايدىغان رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. جۈملىدىن ئوخشىتىشنىڭمۇ شۇنداق. ئوخشىتىشنىڭ رولى ئاساسلىقى بىلىش جەھەتتە، ئىستىلىستىكا جەھەتتە، تىلشۇناسلىق جەھەتتە، ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتلەردە بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

### 1) ئوخشىتىشنىڭ بىلىش رولى

ئوخشىتىشنىڭ شەيئىلەرنى تونۇش، بىلىش رولىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(1) ئوخشىتىش ئىنسان تەپەككۇرىدا ئۇقۇم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ بىر خىل شەكلى.

ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى خىلمۇخىل ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئابستراكت تەپەككۇر شەكىللىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇقۇملار مۇشۇ خىل تەپەككۇر شەكىللىرى ئاساسىدا سىستېما بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. ئوخشىتىش ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق شەيئىلەرنى تونۇشنىڭ مۇھىم بىر خىل شەكلى. ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كۆپىنچە شەيئىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، قىياپىتى، ھەرىكىتى كېلىدۇ. ئادەم يېقىندىن يولۇقتۇرغان شەيئىلەرنىڭ تاشقى شەكلى، قىياپەت، ھەرىكەتلىرىنى كۆپىنچە ئۆزىگە تونۇش بولغان باشقا

شەيئىلەرنىڭ قىياپەت، ھەرىكەت، ھالەتلىرىگە ئوخشىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق يېڭى يولۇققان شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپسدە ئاسان تۇتىۋالىدۇ. ھەر خىل بىلىملەرنى ئىگىلەش جەريانلىرىمۇ كۆپىنچە ئوخشىتىشتىن ئايرىلمايدۇ.

مەسىلەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىغا قارايلى:

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ توختاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپ: «يىللارغا جاۋاب»)

بۇ شېئىردا شائىر ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ھاياتنى قەدىرلەش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن بېرىلگەن ئوخشىتىشلارنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك، ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

(2) ئوخشىتىش ئىنسانلارنىڭ تەجرىبە توپلاش ۋە قوللىنىشىنىڭ بىر خىل قورالى.

ئوخشىتىش تەپەككۇرنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇش بىلەن بىر ساھەدىكى تەجرىبىنى يەنە بىر ساھەگە ئېلىپ بېرىپ، تونۇش بولغان شەيئىلەر ئارقىلىق تونۇش بولمىغان شەيئىلەرنى تونۇشقا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئوخشىتىش ئارقىلىق ئابستراكت شەيئىلەرنى كونكرېت، چوڭقۇر مەزمۇنلارنى چۈشىنىشلىك، ئاددىي قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. مەلۇم بىر يېڭى شەيئىنىڭ قىياپەت، ھەرىكەت، ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى ئىپادىلەشتە، ئۇ بىز بىلىدىغان بىر شەيئىنىڭ قىياپەت، ھەرىكەت ـ ھالەتلىرىگە ئوخشىتىلسا، بىزنىڭ چۈشىنىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز ئاسانغا توختايدۇ.

مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزنىڭ يېتىلگەن قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەندە: «ئاداغى ئۇد ئاداغىدەگ، بەللەرى بۆرى بەللەرىدەگ، ياغرى كىش ياغرىدەگ، كۆگۈزى ئادىغ كۆگۈزىدەگ ئەردى.» (يەشمىسى: ئايىغى ئۆكۈز ئايىغىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، يەلكىسى بۇلغۇن يەلكىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى.) («قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» 128 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىڭشىغۇچى ياكى ئوقۇرمەنلەر ئوغۇزخاننىڭ قىياپىتىنى ناھايىتى ئاسانلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى ئۆكۈز، بۆرە، بۇلغۇن، ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قىياپىتى شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا مېڭىسىگە ئورناشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھالىتى بۇ يەردىكى يېڭى شەيئى «ئوغۇزخان»نىڭ قىياپىتىنى تونۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

(3) ئوخشىتىش شەيئىلەرنى تونۇشنىڭ يېڭىچە نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوخشىتىش ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ بىر خىل مۇھىم شەكلى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ شەيئىلەرنى تونۇش، بىلىشتە باشقا تەپەككۇر شەكىللىرىگە ئوخشىمىغان ئۆزىگە خاس يېڭىچە نۇقتىغا ئىگە. ھەر خىل كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشى ھەرخىل بولىدۇ، بىر شەيئىنى ھەركىم ئۆزئالدىغا باشقا ـ باشقا توردىكى شەيئىلەرگە ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى يېڭى نۇقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ئارقىلىق

ئوخشىتىلىۋاتقان شەيئىنىڭ يېڭى - يېڭى ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇۋالغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز غەزەللىرىدە «كۆڭۈل»نى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردا «جام، يالقۇن، تاۋۇس، خورما، شىشە، ئۆي، مەنزىل، بايلىق، ئەپسانە، سەرگەردان، بۇلبۇل، زەڭگى، ئىمارەت، سۇبھى، شام، داغ، كاۋاپ، دىۋانە، ئاتنىڭ غىزاسى، ئۇگا، قۇش، سەدەپ قۇلۇلىسى، بوشلۇق، قۇدۇق، تاش، لالە، كېيىك، ئوتدان، گۆھەر قۇتىسى، غۇنچە،...» قاتارلىق نۇرغۇن ئوخشىمىغان شەيئىلەرگە ئوخشىتىدۇ. نەۋائىي ھەر قېتىم «كۆڭۈل»نى مەلۇم شەيئىگە ئوخشاتقاندا، بىز «كۆڭۈل» ھەققىدە يېڭى بىر ئۇچۇرغا ئىگە بولىمىز، كۆڭۈلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يېڭى - يېڭى نۇقتىلاردىن چۈشىنىپ ئالالايمىز.

(4) ئوخشىتىش خۇلاسە، يەكۈن، ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

كىشىلەر ئۆز نۇتۇقلىرىدا، باشقىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى ئۆتكەن شەخسلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ، ماھىيەتتە نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى ئاشۇ نەقىل، ماقال - تەمسىلدىكى ئەھۋالغا ئوخشىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق تىڭشىغۇچىلارغا ئۆز مۇددىئاسىنى ئاسان ئۇقتۇرالايدۇ، ئۇلارنى ئاسان جەلپ قىلالايدۇ، ئۆز نۇتقىدىن قايىل قىلارلىق خۇلاسە، يەكۈن چىقىرالايدۇ.

« ‹ئىت ئۇرغاننى تونۇر › دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سىيمىز باقچانىمىز باردۇر.»
(ئا. ئۇيغۇر: « باردۇر » )

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ئابدۇخالىق كۆت ئۈمىد،
سىغىنغانىڭ كېلىدۇ، سوزۇلۇپ شۇندا جاھان.»
(ئا. ئۇيغۇر: « سىغىنىش » )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«جەبىر-زۇلۇمدىن قۇتۇلماي، ئۆتمەكتە ئۆمۈرلەر تامام،
‹يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس› يا يەتمىدى مىڭنىڭ چامام.

مىسلى كۆزنى تېڭىپ جۇۋازغا قوشقان سىرىق ئۇي،
تېپىلماس يەر يۈزىدە زۇلۇمغا بىزدەك چىڭ چىدام.»
(ئا. ئۇيغۇر: « رۇبائىي ۋە پارچىلار » )

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئىت ئۇرغاننى تونۇر»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» قاتارلىق ماقال-تەمسىللەردىكى ئەھۋاللارنى نەقىل قىلىش، نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زامانغا بولغان نارازىلىقى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى، كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، قايىل قىلارلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بىز شائىرنىڭ ئىدىيىسى، پىكىر-كۆزقاراشلىرى ھەققىدە بېلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

**2 ) ئوخشىتىشنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى رولى**

(1) ئوخشىتىش تىلىمىزنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

تىلىمىزدىكى سۆزلەر يېڭىدىن پەيدا بولغاندا ئەسلىي بىرلا مەنىلىك بولىدۇ، كېيىنچە ئۇلارغا ھەر خىل يېڭى مەنىلەر قوشۇلۇپ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ بارىدۇ. بىر مەنىلىك سۆزنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىشىدا ئوخشىتىش مۇھىم رول ئوينايدۇ. سۆزنىڭ كۆپ خىل مەنىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم مەنىلەر ئوخشىتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. سۆزلەرنىڭ بەزى ئوخشىتىلما مەنىلىرى ئۇزاق ئىشلىتىلىش داۋامىدا ئادەت سۆزگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىكى ئوبراز سۇسلىشىپ، رەسمىي قوللىنىدىغان ئايرىم سۆزگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: تىلىمىزدىكى «باش» سۆزىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمى» دىن ئىبارەت بولغان بولسا، كېيىنچە بۇ ئەزانىڭ ئورنىنىڭ بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىغا قارىغاندا يۇقىرى تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق بۇ سۆز «يولنىڭ بېشى، ئىشنىڭ بېشى، ۋاقىتنىڭ بېشى (باشتا، باشتىن)» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولدى. كېيىنچە يەنە «باشلىق، باشلىماق، باشقۇرماق، باشچىلىق قىلماق، باشلامچىلىق قىلماق، باشقا...» دېگەندەك مەنىلەر قوشۇلۇپ نۇرغۇن يېڭى سۆزلەر ياسالدى. ھازىر بۇ سۆزلەر دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى سۆزلەرگە ئايلىنىپ، بەزىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى «باش» سۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئوبرازى سۇسلىشىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش نىسبەتەن يىراقلىشىپ كەتتى.

«باش» سۆزىنىڭ زىت مەنىلىكى بولغان «ئاياغ» سۆزىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئەسلىدە «باش»قا ئوخشاشلا «ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمى» ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بەدەندىكى ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولغاچقا، «باش» سۆزىگە زىت ھالدا ئۇنىڭغا «يولنىڭ ئايىغى، ئىشنىڭ ئايىغى، ۋاقىتنىڭ ئايىغى» قاتارلىق مەنىلەر قوشۇلدى، كېيىنچە يەنە «ئاياغلاشماق، ئايىغى چىقماق» دېگەندەك مەنىلەر قوشۇلدى، ھەمدە مۇناسىپ ھالدا يۇقىرىقىدەك بىرمۇنچە يېڭى سۆزلەر بارلىققا كەلدى.

«مۇزدەك سۇ» دېگەن بىرىكمىدىكى «مۇزدەك» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ سۆز ئەسلىدە «مۇز + دەك» شەكلىدىكى ئوخشىتىش قوشۇمچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز بولۇپ، «مۇزغا ئوخشاش سوغۇق» دېگەن مەنىنى بېرەتتى، ھازىر بۇ سۆز ئىستېمال داۋامىدا «سوغۇق» سۆزىنىڭ ئورنىدا ئۇدۇل قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئوخشىتىش قوشۇمچىسى يىلتىز بىلەن زىچ چىرمىشىپ، بىر پۈتۈن ئاجرالماس گەۋدە بولۇپ، «سوغۇق»نىڭ دەرىجىسىنى ناھايىتى ئېنىق، ئوبرازلىق، ئىخچام كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئادەتتىكى بىر يېڭى سۆزگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئايلىنىپ بارماقتا. «جىنىدەك ساقلاپ تۇرۇڭ.» دېگەن جۈملىدىكى «جىنىدەك» دېگەن سۆزمۇ شۇنداق، ئەسلىدە «جىنغا ئوخشاش» دېگەن مەنىدىكى ئوخشىتىش مەنىسىدىكى سۆز بولسا، ئەمدىلىكتە «قىسقا ۋاقىت» دېگەن مەنىنى بىرىدىغان ئادەتتىكى سۆزگە ئايلانماقتا. دېمەك، ئوخشىتىش سۆزلەرگە يېڭى مەنە قوشۇش ۋە يېڭى سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم يولى.

(2) ئوخشىتىش تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە ئىپادىلەش دەرىجىسىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئوبرازلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

تىلىمىزدا بەزىدە مەنىنى ئۇدۇل ئىپتىقاندا ئانچە ئېنىق، توغرا ئىپادىلەنمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق چاغدا ئوخشىتىشلار ئارقىلىق يېڭى ئۇقۇمنى چۈشەندۇرگەندە، تىل جەھەتتە تېخىمۇ ئوبرازلىق، ئۇنۇملۇك، توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. سەزگۈ ئۆتۈشتۈرۈشتىمۇ ئوخشىتىشنىڭ بەلگىلىك رولى بار.

مەسىلەن، «ئاچچىقلانماق، ئاچچىقى كەلمەك، ئاچچىق يۇتماق» دېگەن سۆزلەردىكى «ئاچچىق» ئەسلىدە تەم سەزگۈسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، بۇ يەردە ئىچكى تۇيغۇنى ئىپادىلەشكە ئۆتۈپ، خاپا بولۇشنىڭ دەرىجىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە، ئېنىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. «ئاچچىق» سۆزىنىڭ قارشىسىدا تۇرغان «تاتلىق» سۆزىمۇ ئەسلىدە تەم سەزگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولسىمۇ، لېكىن تىلىمىزدا ئۇنىڭدىن «تاتلىق گەپ، تاتلىق كۈلكە، تاتلىق قىلىق، تاتلىق ئۇيقۇ...» دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرى ياسىلىپ شۇ سۆزلەردە ئىپادىلىنىۋاتقان مەنىنى ئۇدۇل ئىپادىلىگەنگە قارىغاندا ئېنىق، توغرا، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىدا ئاساسىي رول ئويناۋاتقان ئامىل ئوخشىتىش باغلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئوخشىتىشنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى يەنە بىر ئۇنۇمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3 ) ئوخشىتىشنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى

(1) ئوخشىتىشلار پىكىرنى ئىخچام ۋە جانلىق ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوخشىتىش ئارقىلىق ئەسەر، ياكى نۇتۇقتا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرنى ئىخچام، ھەم جانلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ. تىلدىكى مەنىنى ئۇدۇل ئىپادىلەشكە قارىغاندا ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئەسەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن:

« لەۋلىرىڭنىڭ قېنى ئانار رەڭگىدىنمۇ ياخشىراق،
چىشلىرىڭ چىن ئۈنچىدىن، تىللىرىڭ مەھبۇبراق.

قاشلىرىڭدۇر يېڭى چىققان ئەينى شەۋۋالنىڭ ئېيى،
سېنىڭ ئالدىڭدا باراۋەردۇر گادا، شاھۇ بېيى.

سېھرىگەر گۈل، كۆزگە ساقچى، كىرپىكىڭ بىر نەيزىدۇر،
ھەر قاراشىڭدا كېلىپ نەيزەڭ يۈرەكنى ئېزىدۇر.»

(ئا. ئۇيغۇر: « ئۇيغۇر قىزى » )

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ قىياپىتىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بېرىلگەن بىرمۇنچە ئوخشىتىش ئارقىلىق ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

(2) ئوخشىتىشلار كىشىگە يېڭىلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ، تىلنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

كىتابخانلار كىتاب ئوقۇغاندا، تىڭشىغۇچىلار نۇتۇق ئاڭلىغاندا سۆزلەرنىڭ قىزىقارلىق، يېڭى، جانلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنى جەلپ قىلغىلى، ئەسەر ياكى نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئوخشىتىش دەل ئەنە شۇ يېڭى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جانلىق، قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. مەسىلەن:

« ئاخشاملا مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدىن تارازىسى تەڭشەلمىگەن لەگلەكتەك يەڭدەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنى بۇگۈن ھاراق تاشلاپتۇ، دېسە، ھەرقانداق ئادەم ئىشەنمەيدۇ ـ دە! »

( مەمتىمىن ھوشۇر: «ھاراق توغرىسىدا ھېكايە » )

«ــ داداڭ رەھمەتلىك لېۋىركام ئالامەت ئادەمتى ـ دە! ــ دېدى ئۇ تۆۋى بوشاپ كەتكەن تېرەكتەك ئىغاڭلاپ تۇرۇپ، ــ ... قالتىس مەرد ئادەمتى، ئەمما ھاراقنىمۇ سۇدەك ئىچەتتى...»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ھاراق توغرىسىدا ھېكايە » )

« شامىل ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، خۇددى بوسۇغىدا ياتقان ئىتتەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ...»

(مەمتىمىن ھوشۇر: « مۇساپىرلار قاۋىقىدا » )

« چار خوراز خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرىدەك بىر كۆزىنى تېڭىۋاپتۇ.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « چار خوراز » )

« سامسا، مانتا دېگەنلىرىڭنى ئەكىلىپ بەرسەڭ، خۇددى ئەركە باللاردەك تىتىپ، ئىچىدىكى قىيمىسىنى يەپ، جىلتىسىنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويىدىكەن.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « چار خوراز » )

« ئاستى ـ ئۈستى كالپۇكىنى ھېلىقى مايمۇنىنىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرىدەك قىلىپ قىپقىزىل بويىۋاپتۇ.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « چار خوراز » )

ئالدىنقى ئۈچ مىسالدا، ئاپتور مەستىنىڭ قىياپىتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەيدۇ، بىرىدە « تارازىسى تەڭشەلمىگەن لەگلەك»كە، ئىككىنچىسىدە «تۆۋى بوشاپ كەتكەن تېرەك» كە، ئۈچىنچىسىدە ھېلى «ئىت بولاي» دەپ شېئىر ئوقۇغان شامىلنىڭ سورۇننىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي ئۇخلاپ قالغان ھالىتىنى «بوسۇغىدا

ياتقان ئىت»قا ئوخشىتىپ ئۇنىڭ ھەجۋىي ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تۆتىنچى، بەشىنچى مىساللاردا چار خورازنىڭ قىياپىتىنى ئوخشىتىش بىلەن تەڭ ئادەملەشتۈرۈپ كۆز ئالدىمىزدا ئادەتتىكى توخۇ ئەمەس، بەلكى باشقىچە سىمۋوللۇق مەنىدىكى پېرسوناژلارنىڭ قىزىقارلىق سۈرىتىنى سىزىپ بېرىدۇ. ئالتىنچى مىسالدا، زومىگەرلىك، ساختىپەزلىكتە ئۇچىغا چىققان سابىرنىڭ چار مېكىياننىڭ تۇخۇمىنى ئىچىپ قويۇپ، ئايال كىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن، كالپۇكلىرىنى قىپقىزىل بويىۋالغان قىياپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ «مايمۇننىڭ دېگىلى بولمايدىغان يېرى » گە ئوخشىتىش بىلەن كىتابخانلارنى تېخىمۇ قىزىق، ھەجۋىي كەيپىيات ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

(3) سىلىقلاشتۇرۇش، نەپىسلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوخشىتىشتا، بولۇپمۇ ئوخشىتىشنىڭ ۋەكىللىك ئوخشىتىش تۈرىدە بىر شەيئى ئارقىلىق يەنە بىر شەيئىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن بىر خىل ۋاستىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بارلىققا كېلىدۇ-دە، بەزىدە بىۋاستە ئىپادىلەش مۇناسىپ كەلمەيدىغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. تىلىمىزدىكى سىلىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە كۆپىنچە ئوخشىتىشنىڭ ياردىمىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئۆلدى» دېيىشنىڭ ئورنىدا «كۆز يۇمدى، مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتتى...»، «تۇغدى» دېگەننىڭ ئورنىغا «بوشاندى، كۆزى يورىدى، يەڭگىدى» دېگەندەك سۆزلەر ئالمىشىپ كەلسە، بۇ ئوخشىتىشنىڭ ياردىمىدە مەيدانغا كەلگەن سىلىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

« ئۇنىڭ توي-تۆكۈن، مەشرەپ-ئولتۇرۇشلارنى قىزىتىش ئۈچۈن غۇلجىنىڭ تىرەكلىك كوچىلىرىدىن ئالدىراش مېڭىپ ئۆتىدىغان قەدىمى ئەمدى مەڭگۈگە توختىغانىدى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: «ئاخىرقى سۆھبەت» ئەسلىمىسى )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ مىسالدىكى «قەدىمى مەڭگۈلۈك توختاش» دېگەن بىرىكمە «ئۆلدى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئالماشقان سىلىقلاشتۇرۇش بولۇپ، ئۇ ئوخشىتىش ئوبرازىنىڭ ياردىمىدە ياسالغان.

ئوخشىتىشنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئىخچام ئوخشىتىش تىل جەھەتتىكى ئىخچاملىقنى كۆچەيتىدۇ. ئىنكار ئوخشىتىش قارىماققا ئىنكار قىلىنغاندەك تۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى پەللىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆپ ئوخشىتىشتا، بىرقانچە ئوخشىغۇچى ئارقىلىق ئوخشالغۇچى شەيئى ھەر تەرەپتىن، ئىنچىكە تەسۋىرلىنىپ، چۈشىنىش چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. قاتلاملىق ئوخشىتىشتا، ئوخشىتىشنىڭ ئىچىدە يەنە ئوخشىتىش بولۇشتەك ستىرولۇق قاتلام ھاسىل قىلىش بىلەن ئېستېتىك زوق كۈچەيتىلىدۇ. تاللىما ئوخشىتىشتىكى تاللىنىدىغان ھەرقايسى تەرەپلەر ئوخشىمىغان ساھە ياكى ئوخشىمىغان سەۋىيىدىكى كىتابخانلارغا قارىتا تاللاش ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ. نەقىللىق ئوخشىتىش نەقىل ئارقىلىق ئوخشىتىشتىكى مەزمۇننىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ. كىنايىلىك ئوخشىتىشتا، ھەجۋىي تۈس ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشى كۈچەيتىلىدۇ ۋە باشقىلار.

**4 ) ئوخشىتىشنىڭ ئىجتىمائىي رولى**

(1) ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئوخشىتىشلار كىشىگە يېقىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

ئوخشىتىش كۈندىلىك ئالاقىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مەيلى قايسى ساھەدىكى، قايسى جىنىستىكى ، قانچە ياشتىكى ئادەم بولسۇن، ئۇلار ھامان ئوخشىتىشنى قوللانماي قالمايدۇ. ھەتتا ئەمدىلا تىلى چىقىشقا باشلىغان بالىلارمۇ يېڭى ئۇچراتقان شەيئىلەرنى بۇرۇن ئۇچراتقان شەيئىلەرگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدۇ. مەكتەپكە يېڭى كىرگەن 6 ـ 7 ياشلىق بالىلارمۇ ئۆزلىرى ئۆگىنىۋاتقان سان، ھەرپلەرنى ئۇنىڭ ـ

بۇنىڭغا ئوخشىتىشقا ئامراق كېلىدۇ. چۈشەندۈرۈشنى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە ئابستراكت ئۇقۇملار ئارقىلىق ئىپادىلىگەنگە قارىغاندا كىشىگە يېقىملىق، يېقىن، تونۇش بىلىنىدۇ. ئوخشىتىش ئىجتىمائىي ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۆزئالدىغا كەسپىي ئاتالغۇلىرى بولىدۇ، ئوخشىتىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق بىر ساھەنىڭ سۆزى يەنە بىر ساھەگە يۆتكەپ ئىشلىتىلسە، نۇتۇق تېخىمۇ جانلىق، قىزىقارلىق تۈس ئالىدۇ، مەزمۇننى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئېقىم» دېگەن سۆز ئەسلىدە سۇنىڭ ئېقىش ھالىتىگە قارىتىلغان بولسا، كېيىنچە ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق باشقا ساھەلەرگە يۆتكەپ ئىشلىتىلىپ، «توك ئېقىمى»، «ئېقىم مەسىلىلىرى» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولدى. بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىك مەنىلەر تېخىمۇ ئېنىق، ئوبرازلىق، يېقىن، تونۇش قىلىپ ئىپادىلەندى.

بەزىدە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن شەيئىلەرنىڭ نامى چەتئەل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن كىشىلىرىمىز بۇ يېڭى سۆزلەرگە تىلى كەلمىگەندە ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا سۆز ياساپ، شەيئىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «تېلېۋىزور» دېگەن بۇ چەتتىن كىرگەن سۆزنىڭ ئورنىدا «شەيتان ئەينەك، جاھان ئەينىكى» دەۋالىدىغانلار، ۋېلسىپىتنى «شەيتانچاق» دەيدىغانلار بار. بۇ سۆزلەردە بەلگىلىك ئوبراز بولغاچقا، نۇتۇق داۋامىدا كىشىگە يېقىن تۇيۇلىدۇ.

(2) ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئوخشىتىشلار سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىشنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولىدا سۆزلىگىنىمىزدەك، ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدىمۇ ئوخشىتىش يولى بىلەن ياسالغان بىر قىسىم سۆزلەر مەنىنى سىلىق ئىپادىلەش رولىغا ئىگە.

مەسىلەن، «ئۇجمە كۆڭۈل، كىپىنەك» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق مۇھەببەتنى ئويسۇن قاتاردا كۆرۈدىغان ئەخلاقسىز ئادەملەرنىڭ قىياپىتىنى بىرئاز سىلىقلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

« مەن كەتتىم... ئاپامنىڭ قېشىغا كەتتىم...»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « بۇ چۇش ئەمەس » )

بۇ مىسالدا، ھېكايىدىكى باش پېرسوناژ گۈلشەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى «كەتمەك» سۆزى ئارقىلىق سىلىقلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

دېمەك، ئوخشىتىش تىلىمىزدىكى بىر مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردە ئوينايدىغان رولى ئاز ئەمەس. ئوخشىتىشنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىلىش رولى، تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى رولى، ئېستېتىك رولى ۋە ئىجتىمائىي رولى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش ۋە تونۇش بىزنىڭ ئوخشىتىشنى يەنىمۇ چوڭقۇر بىلىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن يەنىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مۇناسىپ ھالدا تىل ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

# 6. ئوخشىتىشنىڭ بىر قىسىم باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئوخشىتىشنى توغرا تونۇش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن توغرا پەرقلەندۈرۈش بىزنىڭ تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر مۇھىم مەسىلە. شۇ نۇقتىدىن، ئوخشىتىش بىلەن ئۇنىڭغا بىرقەدەر يېقىن بولغان ياكى بەزىلەر ئاسانلا ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان بىر قىسىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**1 ) ئوخشىتىش ۋە سىمۋول**

كونكرېت، ئوبرازلىق شەيئىنى ۋاستە قىلىش بىلەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سىمۋول دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشىتىش بىلەن سىمۋول ئوخشاشلا ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىمۋولدا، ئەسلى شەيئى، يەنى سىمۋول قىلىنغۇچى شەيئى، سىمۋول بولغۇچى شەيئى ۋە سىمۋول سۆزى بولىدۇ. ئوخشىتىشتا، ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆزى بولىدۇ. ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم جەھەتتىن قارىغاندا، سىمۋولنىڭ سىمۋول قىلىنغۇچى بىلەن سىمۋول بولغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئوخشىتىشتىكى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئىشلىتىلىش دائىرىسىدىن قارىغاندا، ئوخشىتىش كەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. سىمۋول كۆپىنچە ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىدۇ، قوللىنىلىش دائىرىسى بىرئاز تار.

سىمۋول سۆزدە ناھايىتى ئاز ئىپادىلىنىدۇ، كۆپىنچە جۈملە ياكى تېكىست داۋامىدىلا ئىپادىلىنىدۇ. سىمۋولنىڭ ئىپادىلىنىش جەريانى بىر قەدەر تەپسىلىي بولىدۇ. ئۇنىڭدا سىمۋول ئاساسى كۆچەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ھەتتا بىر پۈتۈن ئەسەر ئارقىلىقلا بىر پۈتۈن سىمۋولنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئوخشىتىشنىڭ ئىپادىلىنىشى بىر قەدەر ئېنىق بولىدۇ، سىمۋولنىڭ كۆپىنچە يوشۇرۇن بولىدۇ. ئېنىق ھېسابلانغانلىرىمۇ، ماھىيەتتە مەۋھۇمراق بولۇپ، بىر جۈملىگە قاراپلا نېمىگە سىمۋول قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس.

ۋەكىللىك ئوخشىتىش بىلەن سىمۋولنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىن. سىمۋولدىمۇ ۋەكىللىك ئوخشىتىشقا ئوخشاش ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر شەيئىنىڭ نامى ئورنىغا يەنە بىر شەيئىنىڭ نامى قويۇلىدۇ. لېكىن، سىمۋولنىڭ سىمۋول ئاساسىنى تەسۋىرلەش جەريانى كەڭرى بولۇپ، كۆپىنچە بىر پۈتۈن تېكىست ھەجمىدە بولىدۇ.

«ئەي، تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسى،
كۇنلەردىن ئايلارنى ياساپ ئۆتەمسەن؟
رەھىمسىزلەرچە گۈرزىڭ بىلەن
باش ئۇستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇرامسەن؟...»

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ «قىشقا بېغىشلاپ» ناملىق بۇ شېئىرىدا، قارىماققا تەبىئەتنىڭ بىر پەسلى بولغان قىشنى تەسۋىرلەۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى «قىش» 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ مۇستەبىت كۈچلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى قىشقا قىلغان خىتابلىرى ئارقىلىق يوشۇرۇن ھالدا ئىپادىلەيدۇ.

سىمۋولىنىڭ ئوخشىتىشتىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭدا بىر شەيئىنىڭ ھالىتى ئوخشىتىشتىكىدەك، بىرقەدەر ئاددىي، ئىخچام ھالدا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مەلۇم شەيئىنىڭ بىر قانچە تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلىش ئارقىلىق ئومۇمىي گەۋدە سۈپىتىدە يەنە بىر شەيئىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەسەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك سىمۋول قىلىنغان شەيئى ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، تۇرمۇش داۋامىدىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.

**2 ) ئوخشىتىش ۋە جانلاندۇرۇش**

ئادەم بىلەن باشقا جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، كۆچۈرۈپ تەسۋىرلەش جانلاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

جانلاندۇرۇش ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ: ئادەمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى باشقا جانلىق، جانسىز نەرسىلەرگە يۈكلەنسە، بۇ ئادەملەشتۈرۈش، ئادەملەرگە باشقا جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يۈكلەنسە، بۇ نەرسىلەشتۈرۈش بولىدۇ.

جانلاندۇرۇشتا، پەقەت ئوخشالغۇچى شەيئىلا كۆرۈلىدۇ، ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ ئۆزى كۆرۈنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ قىياپەت، ھەرىكەت، ئىقتىدار قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى كۆرۈلىدۇ. جانلاندۇرۇشتىمۇ ئوخشىتىشتىكىدەك ئوخشاشلىق ئاساسى بولىدۇ، لېكىن ئۇ تەبىئىي مەۋجۇت بولماستىن كۆپىنچە يۈكلەنگەن بولىدۇ. جانلاندۇرۇشتىكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چوڭ بىر دائىرىدىن ھالقىغان، يەنى ئىنساندىن ئىبارەت بۇ چوڭ كاتېگورىيىدىن يەنە بىر چوڭ كاتېگورىيە، يەنى باشقا جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرگە سەكرەش ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەردىن ئادەمگە قاراپ سەكرەش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. جانلاندۇرۇشتا، A شەيئى B شەيئى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىگە بولغان ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق يېزىلىدۇ. جانلاندۇرۇشتا A ۋە B شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئالاھىدە تەكىتلەنمەيدۇ، بەلكى، ئەكسىچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئېتىبار بېرىلىدۇ، مانا بۇ ئوخشىتىش بىلەن جانلاندۇرۇشنىڭ پەرقى.

مەسىلىلەردا بىر پۈتۈن تېكىست سۈپىتىدە جانلاندۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. باشقا ژانىرلاردا سۆز، جۈملە دائىرىسىدىمۇ جانلاندۇرۇش قىلىنىشقا بولىدۇ. جۈملە ھەجمىدە كەلگەن جانلاندۇرۇشلارغا ئوخشىغۇچىنى قوشۇپ، ئۇنى ئوخشىتىشقا ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ.

« ـــ ئاۋۇ قوغىدىن ئىس چىقىرىپ كېتىۋاتقان قايسۇي؟! »

( مەمتىمىن ھوشۇر: « بۇ چۈش ئەمەس » )

« لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بۇ پاك گەۋدىنى ئۆزىنىڭ لاتقىلىرى بىلەن يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشنى راۋا كۆرمىگەندەك، يېقىنلا بىر يەردىكى جىغانلىق ئارالغا چىقىرىپ قويىدى. قىز ئوڭدا بولۇپ قالغانىدى، دەريا دولقۇنلىرى ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تاراپ، يېنىڭ داۋالغۇتاتتى. سۇ قۇشلىرى ئۇنىڭ جامالىنى تاماشا قىلماقچى بولغاندەك شۇ ئەتراپنى ئەگىپ ئۇچۇشاتتى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « بۇ چۈش ئەمەس » )

« تۆۋەندە يېيىلىپ ياتقان مەھەللە ئۇنىڭ كۆزىگە مۇشۇ بىر كېچىدىلا ئۆزىدىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنى يوقىتىپ، قېرىپ، مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا كۆرۈندى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « بۇ چۈش ئەمەس » )

«قىشنىڭ سوغۇقى مەگزىلىرىمىزنى چىمداپ ئۆتەتتى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « سىناق » )

« ئىش ـ ئوقەتنىڭ يوقىدا قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقماي دەپ تونۇگۇن ئىسمايىل ساتىراشنىڭكىگە بېرىپ پاك ـ پاكىز قىردۇرىۋەتتىم.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « بۇرۇت ماجىراسى » )

بىرىنچى مىسالدا، ھېكايىدىكى پېرسوناژ مىنىۋالغان موتسىكلىتنىڭ «قوغىدىن ئىس چىقىرىش»تىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى ئادەمگە كۆچۈرۈپ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ، يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ئادەمنى موتسىكلىتقا ئوخشىتىۋاتىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا، «راۋا كۆرمەسلىك، چىقىرىپ قويۇش، چاچلىرىنى تاراش، جامالىنى تاماشا قىلىش» قاتارلىق ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتلەر دەريا ۋە قۇشلارغا كۆچۈرۈپ بۇ شەيئىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن. ئۈچىنچى مىسالدىكى «يېپىلىپ ياتماق، گۈزەللىكىنى يوقىتىپ قېرىماق، مۈكچەيمەك»، تۆتىنچى مىسالدىكى «چىمداپ ئۆتۈش»، بەشىنچى مىسالدىكى «كۆزىگە ياغاچ تىقىلىش» قاتارلىق ئادەمگە خاس ئىش-ھەرىكەت، قىلىقلار تەبىئەتكە يۆكىلىنىپ ئادەملەشتۈرۈلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى ھەر خىل نەرسىلەر ئادەمگە ئوخشىتىلغان. دېمەك، ئوخشىتىش بىلەن جانلاندۇرۇش يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە. جانلاندۇرۇش ئوخشىتىش ئاساسىدا كېڭىيىپ چىققان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدۇر.

### 3 ) ئوخشىتىش ۋە ۋاكالەتلەندۇرۇش

ۋاكالەتلەندۇرۇش ئۆز ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، مېتونومىيە بىلەن سىنېكدوخا دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئوبيېكتىنىڭ نامىنى بىۋاسىتە ئاتىماستىن، بەلكى ۋاكالەتلەندۇرۇش يولى ئارقىلىق باشقا بىر نامدا ئاتاشتىن ئىبارەت.

مېتونومىيىدە مەلۇم شەيئى شۇ شەيئى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان باشقا بىر شەيئى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، سىنېكدوخادا مەلۇم شەيئىنىڭ بىر قىسمى ئارقىلىق ئومۇمىي گەۋدىسى ياكى ئەكسىچە ئومۇمىي گەۋدە ئارقىلىق بىر قىسمى ئىپادىلىنىدۇ.

ئوخشىتىش بىلەن ۋاكالەتلەندۇرۇشنى سېلىشتۇرغاندا، ئوخشىتىشنىڭ بىر تۈرى بولغان ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يېقىنىدەك كۆرۈنىدۇ. ھەر ئىككىسىدە بىر سۆزنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سۆزنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى سۆز ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى ئوخشىمايدۇ. ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئوخشىتىشنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئورنىغا ئالماشقان سۆزنىڭ ئەسلىدىكى سۆز بىلەن ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى بار بولىدۇ. مۇشۇ خىل مۇناسىۋەت ئارقىلىقلا كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ ئورنىدا كېلەلەيدۇ. ۋاكالىتەلەندۇرۇشتە، ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى باغلىنىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بىر سۆزنىڭ ئورنىنى يەنە بىر سۆز ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ تىل شەكلى ئوخشىمايدۇ. ۋەكىللىك ئوخشىتىشنى كېڭەيتىپ ئېنىق ئوخشىتىش ھالىتىگە قايتۇرغىلى بولىدۇ، لېكىن ۋاكالىتەلەندۇرۇشنى ھەرگىزمۇ ئوخشىتىش شەكلىگە ئەكەلگىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمى ئوخشىمايدۇ. ۋەكىللىك ئوخشىتىشنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى زور بولىدۇ، ۋاكالىتەلەندۇرۇشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

ۋەكىللىك ئوخشىتىشتىكى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولىدۇ، ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي مۇناسىۋەت بولمايدۇ. ۋاكالىتەلەندۇرۇشتە ۋاكالىتەلىگۈچى بىلەن ۋاكالىتەلەنگۈچى ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولىدۇ.

« — تولا گەپ يورغىلاتماي، نەق جاۋاب بەر! »

( مەمتىمىن ھوشۇر: « كونا ـ يېڭى ئىشلار » )

بۇ مىسالدىكى «گەپ يورغىلىتىش» دېگەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى «كىشىنى ئەخمەق قىلىدىغان گەپ قىلىش» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئالماشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى ھالەت ئاتنىڭ يورغىلاپ مېڭىشىغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئوبراز ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئوخشىتىشقا تەۋە بولىدۇ.

« بىز بۇ يوللاردا كۆپ يۈرۈپ قاغدىلىپ كەتتۇق. دەڭلار ئۇكىلار. شۇنداق پوستىغا كىرىۋېلىپ جان باقىمىغان بىلەن ئىش تەس! »

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ھەمسەپەر » )

بۇ مىسالدىكى «پوستىغا كىرىۋېلىش» قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ خاس ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ «ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىش كۆرۈش» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن. بۇ يەردىمۇ ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ، بۇمۇ ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

« ھوي، مۇنۇ قېلىن دورىسىدىن سەنمۇ ئازراق يۇتمۇالمامسەن! »

( مەمتىمىن ھوشۇر: « قىرلىق ئىستاكان » )

بۇ مىسالدىكى «قېلىن دورىسى» ئەمەلىيەتتە «ھاراق»نىڭ ئورنىغا ئالماشقان بولۇپ، ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ، بۇمۇ ئوخشىتىشقا كىرىدۇ.

« — ... مۇنۇ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغىنىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى قېنى؟ قولتۇقىدىن جىمى ئالامەت كۆرۈنۈپ تۇرىدىغۇ ئۇنىڭ.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ھەمسەپەر » )

بۇ مىسالدىكى «جىمى ئالامەت» دېگەن بىرىكمە ئەسەردىكى ئايال پېرسوناژنىڭ كۆكسى قاتارلىق بەدەن ئەزالىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇ يەردىكى ئالمىشىش ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئومۇملاشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى ياپتا سۆز بولۇپ، ئۇ ۋاكالەتلەندۈرۈشكە كىرىدۇ.

« ئاغزىغا بىر چىشلەم نەرسە سالمىدى، سۆزلىگىنى سۆزلىگەن ...»

(مەمتىمىن ھوشۇر: « قىرلىق ئىستاكان » )

بۇ مىسالدىكى «بىر چىشلەم نەرسە» دېگىنى نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئالمىشىشتا ئوخشاشلىق ئەمەس، بەلكى ۋەكىللەندۈرۈش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت . شۇڭا، ئۇ ۋاكالەتلەندۈرۈشكە كىرىدۇ.

« — ماڭ يوگۇر، ئۆزۈڭنىڭ قازان ـ قومۇچىڭنى بىل.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « بۇرۇت ماجىراسى » )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ مىسالدىكى «قازان ـ قومۇچ» سۆزى «ئۆي ئىشلىرى» دېگەن مەنىدىكى ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئايالنىڭ ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان قوراللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان، شۇڭا بۇمۇ ۋاكالەتلەندۈرۈشكە كىرىدۇ.

#### 4) ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئوخشىتىشتا ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان ئىككى شەيئى ئۆزئارا پاراللېل قويۇلۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق تېپىپ چىقىلىدۇ. سېلىشتۇرۇش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر تۈردىكى ئىككى شەيئى ياكى بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېلىنىپ، ئۇلارنى پاراللېل قويۇش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

گەرچە، ھەر ئىككى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدە ئىككى شەيئىنى پاراللېل قويۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوخشىمايدۇ. بىرىنچىدىن، سېلىشتۇرۇشتا سېلىشتۇرۇلىدىغان ئىككى شەيئى بىر گۇرۇپپىغا تەۋە بولغان بولىدۇ، بىر گۇرۇپپىغا تەۋە بولمىسا، ئورتاق سېلىشتۇرۇش ئاساسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئوخشىتىشتا، ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر گۇرۇپپىدىكى مۇناسىۋىتى يېقىن شەيئىلەر پاراللېللاشتۇرۇلماستىن ، ئەكسىچە مۇناسىۋىتى يىراق شەيئىلەر پاراللېل قويۇلىدۇ. يېقىن شەيئىلەر سېلىشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ ئوخشايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئەمەلىي پاكىت بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئوخشىتىشنىڭ ئالاھىدە زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوخشىتىش بولماي قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، سېلىشتۇرۇش، پاراللېل قويۇش نىشانى ئوخشىمايدۇ. سېلىشتۇرۇشتا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېپىپ چىقىلىدۇ، ئوخشىتىشتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەمەس، بەلكى ئوخشاشلىق تېپىپ چىقىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمى ئوخشىمايدۇ. ئوخشىتىش ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىپ،

ئوبرازلاشتۇرۇش جەھەتتە يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىدۇ. سىلىشتۇرۇش ئادەتتىكى باشقا تۈردىكى ماقالىلاردا كۆپرەك قوللىنىلىپ، ئەمەلىي بىلىم، ئۇچۇر يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئوخشىتىشنىڭ سىلىشتۇرما ئوخشىتىش تۈرى سىلىشتۇرۇشقا بەكرەك يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىدىن باشقا يەنە سىلىشتۇرۇش مۇناسىۋىتىمۇ بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ.

« بۇ توخۇچىنىڭ كارامەتلىرى ئالدىدا سەن دېگەن ئورۇسمۇ يەپ ئېشىپ قالىدۇ.»

(مەمتىمىن ھوشۇر: « توخۇ باققۇچى » )

« بۇ ئاشخانىنىڭ تامىقى باشقا ئاشخانىلارنىڭكىدىن پىچاق بىسى بولسىمۇ پەرقلەنگەچكىمىكىن، خېرىدار خېلىلا كۆپ ئىدى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئاشخانىدىكى پاراڭ » )

ئالدىنقى مىسالدا، توخۇچى بىلەن «ئورۇس» ماھارەت جەھەتتىن ئۆزئارا سىلىشتۇرۇلىۋاتىدۇ، كېيىنكى مىسالدا، ئىككى ئاشخانىنىڭ تامىقى سىلىشتۇرۇلىۋاتىدۇ. ئومۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى مىسال ئادەتتىكى سىلىشتۇرۇشقا كىرىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى مىسالنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ئوخشىتىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئالماشقان ئىخچام ئوخشىتىش شەكلى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئالدىنقى مىسالدىكى «يەپ ئېشىپ قالماق»، كېيىنكى مىسالدىكى «پىچاق بىسى» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت. ئالدىنقى مىسالدا ئورۇسنىڭ توخۇچىغا يېتەلمەيدىغان ھالىتىنى يوشۇرۇن ھالدا «يەپ ئېشىپ قېلىش» تىن ئىبارەت ئىككىنچى ئورۇندىكى مۇلازىمەت شەكلىگە ئوخشىتىدۇ. كېيىنكى مىسالدا پەرقنىڭ ناھايىتى كىچىكلىكىنى پىچاقنىڭ بىسىغا ئوخشىتىدۇ.

دېمەك، ئوخشىتىشنىڭ سىمۋول، جانلاندۇرۇش، ۋاكالەتلەندۇرۇش ۋە سىلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھامان بەلگىلىك پەرقلىق نۇقتىلىرى مەۋجۇت . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ خاسلىق ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئورتاقلىقلىرىنى توغرا تونۇش بىزنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى توغرا قوللىنىشىمىز، شۇ ئارقىلىق تىل ماھارىتىمىزنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشىمىزدە بەلگىلىك ئەجابىي قىممەتكە ئىگە.

# 7. ئوخشىتىشنى قوللىنىشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

ئوخشىتىشنى توغرا قوللىنىش ۋە توغرا ئايرىش بىزنىڭ تىلدىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. شۇڭا بىز تۆۋەندە ئوخشىتىشنى قوللىنىشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە ئوخشىتىشنى توغرا ئايرىشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئوخشىتىشنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى چىقىش قىلىش لازىم:

1) ئوخشىتىش مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا چوقۇم مەلۇم بىر ئوخشاشلىق بولۇشى كېرەك. ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولمىسا، ئوخشىتىش ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپ مەيلى شەكىل جەھەتتىن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شەيئىنىڭ قىياپىتى، مەيلى ھەرىكىتى بولسۇن، ئىشقىلىپ مەلۇم بىر ئوخشاشلىق بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى ئوخشاتقىلى بولىدۇ. ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولمىسا، كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنداق ئوخشىتىشنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ، ئوخشىتىش دېگىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، ئوخشىتىشلاردا مۇۋاپىق بولۇش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. بىر قىسىم شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا قارىماققا ئوخشاشلىق يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن چوڭقۇر كۆزەتكەندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى بايقاش مۇمكىن.

مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



« ئۇچقۇر شاماللار قارا بۇلۇتلارنى قوغلاپ، پاللىدە كۆن نۇرى پەيدا بولغاندەك، مېنىڭ ھەسرەت چىرماپ تۇرغان قەلبىم بىردىنلا يورۇپ كەتتى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئاخىرقى سىناق » )

« قىز بالا دېگەن شەيتاندەك تېز چوڭ بولۇپ ئۆزگىرىپلا كېتىدىكەن...»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ھاراق توغرىسىدا ھېكايە » )

ئالدىنقى مىسالدا، قارا بۇلۇتلارنىڭ تارقاپ، كۆننىڭ نۇرى پەيدا بولۇشى بىلەن كىشى قەلبىدىكى ھەسرەتلەرنىڭ يوقۇلۇشىنىڭ ھېچقانداق ئوخشاشلىقى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، يازغۇچى مۇناسىۋەتسىزدەك تۇرغان بۇ ئىككى خىل ھادىسە ئوتتۇرىسىدا بىردە كونكرېت، بىردە ئابستراكت بولغان «يورۇپ كېتىش»تىن ئىبارەت ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى تاپالىغان. ئىككىنچى مىسالدا، ئاپتور ماھىرلىق بىلەن «قىز بالىنىڭ تېز چوڭ بولۇشى» بىلەن «شەيتان»نىڭ ئورتاقلىقى — «شەيتان»دىن ئىبارەت بۇ خوراپىي چۈشەنچىدىكى مەۋھۇم شەيئىنىڭ «كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان»لىقى بىلەن «ئادەمنىڭ بىلىنمەي تېز ئۆسۈپ كېتىدىغانلىقى» ئوتتۇرىسىدا تېزلىك جەھەتتە ئوخشاشلىق بارلىقىنى تېپىپ چىققان. بۇ ئوخشىتىشلار مۇۋاپىق كەلگەن بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.

2) ئوخشىتىش يېڭى بولۇشى كېرەك.

كونا ئوخشىتىشلارنى قوللىنىۋېرىشنىڭ ھېچقانداق مەززىسى بولمايدۇ، ئوخشىتىشنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۇچۈن چوقۇم تىرىشىپ ئىزدىنىپ، تەسەۋۋۇر ۋە باغلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇللىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئوخشىمىغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىن ئوخشاشلىقتا ئىگە نۇقتىلارنى تېپىشتا ماھىر بولۇش كېرەك.

« چار خوراز خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرىدەك بىر كۆزىنى تېڭىۋاپتۇ.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « چار خوراز » )

« كىچىكىمدە رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرىنى كۆزۈمگە تۇتۇپ ئەتراپقا قاراشنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇنداق قىلغىنىمىزدا، ئەتراپىمىزدىكى جىمى نەرسىلەر، بۈيۈك ئاسمان ... ھەممە نېمە كۆزىمىزگە سىز دائىم كۆرۈپ يۈرگەنگە قارىغاندا باشقىچىرەك كۆرۈنىدۇ-دە، ئاجايىپ يېڭى بىر تۈيغۇغا چۆمۈسىز. ئېھتىمال، ھاراقمۇ شۇنداق بىر نەرسە بولسا كېرەك. بايىلا بۇ شەھەرنىڭ ھەممە نېمىسى كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈنۈۋاتاتتى، ئۈچ رومكىنى قېقىۋېلىپ كوچىغا چىقىشىمغا بىر-بىرىدىن ئېگىز بىنالار، غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار، خۇشخۇي چۇۋۇلدۇشۇپ كېتىپ بارغان ئادەملەر كۆزۈمگە باشقىچىلا ئىللىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.»

( « مەمتىمىن ھوشۇر: « داپ » )

ئالدىنقى مىسالدا، ئاپتور خورازنىڭ ياردار بولۇپ كۆزى تېڭىپ قويۇلغان ھالەتنى دېڭىز قاراقچىسىغا ئوخشىتىدۇ. گەرچە، رېئاللىقتا خورازنىڭ بىر كۆزنى ئۇنداق تېڭىپ قويىدىغان ئەھۋال ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەن قەلىمى ئاستىدا كۆز ئالدىمىزدا ئادەملەشتۈرۈلگەن يېڭى ئوبراز پەيدا بولىدۇ-دە، ئىختىيارسىز قوبۇل قىلىمىز. ئىلگىرى قورقۇنچلۇق قىياپەتتىكى ئادەملەرنى دېڭىز قاراقچىلىرىغا ئوخشىتىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن خورازنىڭ قىياپىتىنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىش كۆرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھەجۋىي كۆرۈنۈشتىن يېڭىچە تۇيغۇغا كەلگەندەك بولىمىز. كېيىنكى مىسالدا، ئاپتور ھاراقنىڭ كەيپىدىن «ھەممە نەرسە كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان» ھالەتنى كىچىك باللارنىڭ رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرىنى كۆزىگە تۇتۇپ ئەتراپقا قارىغاندىكى كۆرۈنۈشكە ئوخشىتىدۇ، بۇ ئىلگىرى قوللىنىلمىغان ئوخشىتىش بولۇپ، بۇمۇ بىزگە يېڭى تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

3) ئوخشىتىشنى قوللىنىشتا ماھىر بولۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىش ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، بۇ ئارقىلىق تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىلەر تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. باشقا تۈردىكى ژانىرلاردىمۇ ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلسا ئۈنۈمى ئوخشاشلا يۇقىرى بولىدۇ. ئوخشىتىشنى قانداق جايدا قوللىنىش، قايسى چاغدا قوللىنىش، ئوخشىتىشنىڭ قايسى شەكلىنى قوللىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇستىدە ئويلىنىپ ئەڭ مۇۋاپىق پۇرسەتنى تېپىپ قوللانغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

« بۇ قاراشلار ماتېرىيالىستىك پەلسەپىگە زىت ئەمەس، ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ئىختىرانىڭ چەكلىگۈچىسى، تەپەككۇرنىڭ زىندانى ئەمەس، ئۇ ئىلھاملاندۇرغۇچى ۋە ئۆزىنى تولۇقلىغۇچى، كەمتەرلىك بىلەن يېتەكلىگۈچى! »

( ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن )

« ئاخىرىدا بۇ خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ ‹كىچەلمەيدۇ، ھە، ھە!› دەپ بەرسە پاتقاقنى تېخىمۇ كەچكىنىدەك بىر ئىش بولۇپ چىقتى.»

( مەتتىمىن ھوشۇر: « ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس » )

ئالدىنقى مىسالدا، سۆزلىنىۋاتقىنى چۈشىنىش قىيىنراق بولغان سىياسىي مەزمۇندىكى گەپلەر بولسىمۇ، لېكىن سۆزلىگۈچى ئۇنى بىرقانچە ئوخشىتىش ئارقىلىق ناھايىتى ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ بەرگەن. كېيىنكى مىسالدا، ئاپتور باش قەھرىمانىنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانسېرى ئالغا ئىلگىرىلىگەن روھىنى كىچىك بالىلارنىڭ قىلىقىغا ئوخشىتىدۇ، بۇ ئوخشىتىش يېڭى بولۇپ ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ روشەنلىشىپ بارىدۇ.

# 8. ئوخشىتىشنى پەرقلەندۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

قوللىنىلغان تىل ئامىللىرىنىڭ ئوخشىتىشقا كىرىدىغان-كىرمەيدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتا بار:

1) ئوخشىتىش بىلەن سۆزنىڭ ئوخشىتىلما مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم.

سۆزلەرنىڭ ئوخشىتىلما مەنىسى ئەسلىدە ئوخشىتىش مۇناسىۋىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولىسىمۇ، لېكىن ئىستېمال داۋامىدا تۇراقلاشقاندىن كېيىن شۇ سۆزنىڭ مەنىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئوبرازمۇ بارا-بارا سۇسلىشىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى يەنە ئوخشىتىش سۈپىتىدە تونۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

«... ئانامنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدىن ئەنە شۇنداق ئەتىگەنلا مەھرۇم قىلىپ، مېنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن تەمتىرەپ يۈرۈشكە كوچىغا تاشلىۋەتكەنىدى...»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئىككى پارچە خەت » )

« قىزنىڭ نەزىرىدىكى تۇختى يەردە ماڭمايتتى، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « بۇ چۈش ئەمەس » )

بىرىنچى مىسالدىكى «ئەتىگەن» دېگەن سۆز تىلىمىزدا «سەھەر» مەنىنى بەرگەندىن سىرت، يەنە «بالدۇر» دېگەن ئوخشىتىلما مەنىنىمۇ بېرىدۇ. بۇ يەردە ئىپادىلىنىۋاتقىنى دەل ئۇنىڭ ئوخشىتىلما مەنىسى. ئىككىنچى مىسالدىكى «خىيال دۇنياسى» دېگەن سۆز بىرىكمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com



تەركىبىدىكى «دۇنيا» سۆزىنىڭ «جاھان، ئالەم» دېگەن مەنىسىدىن باشقا يەنە مەلۇم ساھە، تارماقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرە، مەزمۇنىنى كۆرسىتىدىغان مەنىسىمۇ بار، بۇ يەردە ئىپادىلىنىۋاتقىنى مۇشۇ مەنە. بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئىككى جۈملىدە ئوخشىتىلما مەنىسىنى ئوخشىتىش بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. (ئىنگلىز تىلى ئىستىلىستىكىسىدا بۇ بىر خىل قاتما مېتافورا شەكلى ھېسابلىنىدۇ.)

2) ئوخشىتىشنى قوللىنىش بىلەن ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇشنى پەرقلەندۈرۈش لازىم.

« ئارتىستىن باشقا ئادەممۇ ناخشا ئېيتىدۇ. بىراق سىزدەك قاملاشتۇرۇپ ئېيتالمايدۇ.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « گۈللىگەن دالا » )

« ئۇ سىز بىلەن بىز ئويلىغاندەك ھەرگىزمۇ يالغۇز ئەمەس.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئۆلۈككە خەت » )

« مەن سىزنىڭ ماڭا ئوخشاشلا مەن ئۈچۈن غەم يەپ، ئىمتىھان زالىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى ئويلىسام، ئىمتىھاندا ئولتۇرۇپ غەيرەتكە كېلەتتىم.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئىككى پارچە خەت » )

« بۇ (قاغا) ھېلىقى ئوردا باغچىسىدىكى چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرىدىغان قاغىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « شاھ ۋە قاغا » )

يۇقىرىقى مىساللاردىكى جۈملىلەردە گەرچە «ئوخشىتىش سۆزلىرى» مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىستىلىستىكىدىكى ئوخشىتىشقا كىرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى سېلىشتۇرىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئادەتتىكى سېلىشتۇرمىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

3) ئوخشىتىشنى قوللىنىش بىلەن تىلىدىكى قىياس، ئېھتىماللىق تۇسىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

تىلىمىزدا قىياس، ئېھتىماللىق تۇسىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەردىمۇ «خۇددى، گويا، دەك، تەك» دېگەندەك سۆزلەر قوللىنىلىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى ئوخشىتىش دېگىلى بولمايدۇ.

«گويا ئۇ مېنى ئاخىرىغىچە كۈتەلمەيدىغاندەك، ئاخىرىدا مېنى ئېغىر نادامەتكە قويىدىغاندەك سېزىلەتتى.»

(مەتىمىن ھوشۇر: «ئاخىرقى سىناق»)

«ئۇنىڭ ناخشىسى قۇلىقىمغا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.»

(مەتىمىن ھوشۇر: «گۈللىگەن دالا»)

«توختى نېمە ئىش بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەندەك بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ قاراپ تۇراتتى.»

(مەتىمىن ھوشۇر: «بۇ چۇش ئەمەس»)

«— مۇشۇنداق گەپنى مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم.»

(مەتىمىن ھوشۇر: «بۇ چۇش ئەمەس»)

«ئارقىدىكى ھويلىدا قوشنا ئايال راھىلەنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى.»

(مەتىمىن ھوشۇر: «بۇ چۇش ئەمەس»)

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ھەممىسىدە قارىماققا «ئوخشىتىش سۆزى» بار بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئوخشىتىش ئەمەس، بۇ پەقەت تىلىدىكى ئەھۋالنىڭ شۇنداق بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل قىياسىي تۇستىنلا ئىبارەت، خالاس.

4) ئوخشىتىشنى قوللىنىش بىلەن مىسال ئېلىشنى پەرقلەندۈرۈش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



« ئەگەر ئىلىدەك بىر ئورۇندا ئىش تېرىپ، خانىنى ئاغدۇرۇۋېتىمەن دېگەن بولسا، ياڭ قوماندان دېگەنىڭمۇ يورىكى قاپتەك بارىكەن ـ دە، دەپ ئويلايتتى ئۇ.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « تەيياباي » )

« سەن ئېيتقاندەك ياشلىق ھاياتىمنىمۇ قۇربان قىلمايمەن.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئاخىرقى سىناق » )

« مەن ئەمدى ئىككىنچى بىرسىنى زوردۇننى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەلەرمەنمۇ؟ »

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئاخىرقى سىناق » )

« بۇ ھەممىلا قىزلارنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، پەقەت زاھىدەگە ئوخشاش مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالايدىغان ئىرادىلىك قىزلارلا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سىناق ئىدى.»

( مەمتىمىن ھوشۇر: « ئاخىرقى سىناق » )

يۇقىرىقى مىساللاردا گەرچە قارىماققا «ئوخشىتىش سۆزلىرى» بار بولسىمۇ، لېكىن بۇلارمۇ ئوخشىتىش بولالمايدۇ. بۇ يەردە ئاپتور پەقەت پىكرىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ.

دېمەك، ئوخشىتىش ياكى ئوخشىتىش ئەمەسلىكىنى ئايرىشتا ئۇنىڭ تاشقى شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى، بولۇپمۇ «دەك، تەك، ئوخشاش» قاتارلىق «ئوخشىتىش سۆزى»نىڭ كۆرۈنگەن ـ كۆرۈنمىگەنلىكىگىلا قارىماستىن، بەلكى ھەقىقىي مەزمۇنىغا قاراش كېرەك. يەنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تىكلەنگەن ـ تىكلەنمىگەنلىكى، پىكىرنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا، جۈملىدىن شۇ ئورۇندا ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىپ بەلگىلىك ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمنىڭ يارىتىلغان ـ يارىتىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

# 2 . باب . ئوخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئومۇمىي ئەھۋالى

## 1§چەت ئەللەردىكى ئوخشىتىش تەتقىقاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

### 1 . ئىنگلىز تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي جەريانى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىش چۈشەنچىسى بىلەن غەربنىڭ، جۈملىدىن ئىنگلىز تىلىنىڭ ئوخشىتىش چۈشەنچىسى ئوخشىمايدۇ. بىز دەۋاتقان ئوخشىتىشنى ئۇلار Simile (ئېنىق ئوخشىتىش) ۋە Metaphor(مېتافورا) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ، ئىككىسىنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دەپ قارايدۇ.

بىز ئالدى بىلەن غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى Simile ۋە Metaphor نىڭ تەبىرىگە قاراپ باقايلى:

«بېرىتانىيە قامۇسى»دا Simile (ئېنىق ئوخشىتىش)قا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى، ئىككى خىل ئوخشىمىغان نەرسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى، ئۇ مېتافوراغا ئوخشىمايدۇ. Simileدا ئوخشاشلىق نۇقتىسى as, like (خۇددى، گويا) دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. Simile نىڭ ئادەتتىكى ئالاھىدىلىكى كۈندىلىك ئالاقىدە دائىم تەبىئەت دۇنياسى ياكى ئائىلىدىكى تونۇش بولغان شەيئىلەرنى ئاساس قىلغان ئاددىي سېلىشتۇرما بولۇشتىن ئىبارەت ... ئەدەبىياتتىكى Simile ئېنىق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەم بىۋاستە بولىشىمۇ؛ ئۇزۇن، ھەم مۇرەككەپ بولىشىمۇ مۇمكىن. ھومېرچە Simile، يەنى ئېپىك شېئىرلاردىكى Simile بىر خىل تەسۋىرىي خاراكتېرلىك سېلىشتۇرۇش بولۇپ، خەت سانى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە يەنە تىمىدىن سىرت بەزى سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» («بېرىتانىيە قامۇسى خەلقئارا خەنزۇچە باسمىسى» 11 ـ توم 132 ـ بەت)

«بېرىتانىيە قامۇسى» دا، Metaphor (مېتافورا)غا مۇنداق تەبىر بېرىلىدۇ: «ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئوخشىمىغان ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىنى كۆرسىتىدۇ، Simile دەك (خۇددى، گويا) دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق ئېنىق ھالدا سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارمايدۇ. مېتافورا شېئىرىي نۇتۇقتا كۆپ قوللىنىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان سۆزلەر ھازىر ئاللىقاچان ئۆلۈك مېتافوراغا ئايلانغان بولۇپ، ئەسلىدە جانلىق ئوبرازلارغا ئىگە بولىسىمۇ، لېكىن ھازىر ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكىنى ئاللىقاچان يوقاتقان بولىدۇ. مەسىلەن: daisy (day's eye) (كۈننىڭ كۆزى) دېگەندەك. يەنە بىر قىسىم، مەسىلەن: nightfall (كەچ كىرمەك، كەچقۇرۇن) دېگەندەك سۆزلەردىكى ئوبراز ۋاقتىنچە ھەرىكەتتىن قالغان ياكى ئۇيقۇ ھالەتتىكى ئوبرازدىن ئىبارەتتۇر. ئادەتتىكى سۆزلەردىن سىرت، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى زور بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرى ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەر مېتافورادىن ئىبارەت بولىدۇ. مېتافورانىڭ تىلنى باشقا تىل شەكىللىرىگە ئوخشاشلا ئۇزلۇكسىز ھالدا مۇرەككەپ ھالەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ. شېئىردا مېتافورا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. بەزىدە پەقەت بىر خىل ئوخشاشلىقنى ئىپادىلىسىمۇ بولىدۇ. مېتافورا بىر ـ يۈرۈش باغلانما تەسەۋۋۇرنى قوزغىيالايدۇ. ئۇ ئەسەرنىڭ گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ۋە ئوبرازلىق قۇرۇلما تۈزۈش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئارىلاشما مېتافورا ئەسلىدە ئالاقىسى بولمىغان ئىككىدىن ئارتۇق ئامىلنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ

سۆزنىڭ ئەمەلىي مەنىسىنى ھېس قىلىپ كېتەلمىگەنلىكى ياكى خاتا ھالدا سىلىشتۇرغانلىقىدىنمۇ بەزىدە ئويلىمىغان دراماتىك ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ. ئارىلاشما مېتافورانى ناھايىتى ئۈنۈملۈك قوللانغىلى بولىدۇ.» («بېرىتانىيە قامۇسى خەلقئارا خەنزۇچە باسمىسى» 15 ـ توم 366 ـ بېتى)

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئىنگلىز تىلىدا ئېنىق ئوخشىتىش بىلەن مېتافورانىڭ ھەققەتەن ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دەپ قارىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئىككى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، غەربلىكلەر تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى قوللىنىش دائىرىسى كەڭ، شەكىللىرى ھەر خىل، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان مېتافوراغا قارىتىدۇ.

تارىختىن بۇيانقى مېتافورا تەتقىقاتىدا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بىرى مېتافورانى قوللىنىشقا قارشى تۇرغۇچىلار (贬斥派)، بۇ خىل قاراشتىكىلەر مېتافورا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز، ھەتتا زىيانلىق، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىلدىكىلەرى قوللىغۇچىلار (赞赏派) بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر جەريانىمىز مېتافورا بىلەن تولغان، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ماھىيىتى مېتافورا خاراكتېرلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مېتافوراغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى پلاتون (Plato) تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 428 ـ يىلىدىن 347 ـ يىلىغىچە ياشىغان) بولۇپ، ئۇ گەرچە ئۆزى مېتافورا، مەسەل، ئەپسانىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولسىمۇ، لېكىن مېتافورا ۋە باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى پەلسەپىنىڭ دۈشمىنى دەپ تونىغان. پلاتون پەلسەپىنىڭ مۇھاكىمە قىلىدىغىنى ھەقىقەت، ئەمما ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئادەمگە «گەپ ئوينىتىش»نى ئۆگىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پەلسەپىنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپ، دەپ قارىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېتافورانى قوللىنىۋېلىش ۋەكىلى ئارىستوتېل ( Aristotle مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384- يىلىدىن 322- يىلىغىچە ياشىغان، قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى ۋە ئالىمى)، كۇئىنتىللىئان (تولۇق ئىسمى ماركوس فېيبىئۇس كۇئىنتىللىئان، Marcus Fabius Quintillian، تەخمىنەن مىلادى 35- يىلىدىن 95- يىلىغىچە ياشىغان، رىم ئىستىلىستىكىچىسى)، فونتانىئېر (P. Fontanier، 19- ئەسىردە ياشىغان، فرانسىيىلىك تىلشۇناس)، رىچارد ۋېيتلى ( Richard Whately، 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەنگلىيىلىك لوگىكىشۇناس)، جاكوبسون (تولۇق ئىسمى رومان ئوسىپوۋىچ جاكوبسون، Roman Osipovich Jakobson، 1896- يىلىدىن 1983- يىلىغىچە ياشىغان، 20- ئەسىر تىلشۇناسلىقىنىڭ باشلامچىسى، روسىيىدە تۇغۇلۇپ، 1920- يىلىدىن باشلاپ ياۋروپادىكى بىرقانچە دۆلەتلەردە بولغان، 1941- يىلىدىن باشلاپ ئامېرىكىدا تۇرغان)، بلەك (M. Black، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1962- يىلى «ئۇلگىلەر ۋە مېتافورا» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان)، رىكوئېر (P. Ricoeur، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1977- يىلى «مېتافورانىڭ قانۇنىيىتى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان)، گ. لەكئوف (G. Lakoff، ھازىرقى زامان ئامېرىكا تىلشۇناسى، 1989- يىلى ئۇنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى سوغۇققان ئىدراك: شېئىرىي مېتافورا قوللانمىسى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان) ۋە م. جونسون ( M. Johnson، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1980- يىلى «مېتافورا مەسىلىلىرىگە قارىتا تارىخىي تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى شەخسلەرنىڭ مېتافورا ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە بايانلىرى غەربنىڭ مېتافورا تەتقىقات تارىخىنى شەكىللەندۈردى.

تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، غەربنىڭ مېتافورا تەتقىقاتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

① مېتافورانىڭ ئىستىلىستىكا دائىرىسىدىكى تەتقىقاتى.

ئارىستوتېلدىن تارتىپ رىچاردقىچە تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 300 ـ يىللاردىن تارتىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە بولغان دەۋر بولۇپ، 2000 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ دەۋردە مېتافورا ئاساسەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىستىلىستىكىلىق ئۇنۇمى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغان.

② مېتافورانىڭ سېمانتىكا دائىرىسىدىكى تەتقىقاتى. تەخمىنەن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان دەۋر بولۇپ، مېتافوراغا قارىتا لوگىكا ۋە پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان سېمانتىكىلىق تەتقىقات ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان سېمانتىكىلىق تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

③ مېتافورانىڭ كۆپ خىل پەنلەر بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنىشى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بىلىش پسىخولوگىيىسى (认知心理学)، پەلسەپە، پراگماتىزم (语用学)، سېمىئولوگىيە (符号学)، شەرھشۇناسلىق (阐释学)، ھادىسشۇناسلىق (现象学) قاتارلىق نۇقتىلاردىن مېتافوراغا قارىتا كۆپ نۇقتىلىق، كۆپ قاتلاملىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى.

غەربنىڭ مېتافوراغا قارىتا بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقاتى ئەڭ ئاۋۋال ئارىستوتېلدىن باشلاندى. كلاسسىك ئەسەر «شېئىرىيەت» (Poetics) ۋە «ئىستىلىستىكا» (Rhetoric) قاتارلىقلاردا ئارىستوتېل مېتافورانىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۇنۇمى ھەققىدە توختالغان. ئارىستوتېلنىڭ مېتافوراغا بەرگەن تەبىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇمى ھەققىدىكى بايانلىرى شۇندىن كېيىنكى 2000 يىلدا غەرب ئىستىلىستىكىسىنىڭ بۇ تىل ھادىسىسىنى چۈشەندۈرۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئارىستوتېل: «مېتافورا بىر سۆز يەنە بىر سۆزنىڭ ئورنىدا كېلىپ، ئوخشاش بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تىل ۋاسىتىسىدۇر. بۇ ئىككىسى بىر خىل سېلىشتۇرما مۇناسىۋەتكە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا، مېتافورا بىلەن ئېنىق ئوخشىتىش ماھىيەت جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىردەك» دەپ قارىغان. مېتافورانىڭ ئاساسىي رولى ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمدىن ئىبارەت. ئارىستوتېل «مېتافورادىن ئىبارەت بۇ تىل سەنئىتىنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان كىشى تالانت ئىگىسىدۇر» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەقلىيە سۆزىدىن بىرى: «ئەڭ قالتىس ئىش — مېتافورا ئۇستىسى بولۇشتىن ئىبارەت» دۇر.

مىلادى 1 ـ ئەسىردە رىم ئىستىلىستىكىچىسى كۇنتىللىئان «ئورنىغا دەسسىتىش نەزەرىيىسى» (替代论) نى ئوتتۇرىغا قويدى. كۇنتىللىئان: «مېتافورا ئەمەلىيەتتە بىر سۆزنى يەنە بىر سۆزنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ھادىسە» دەپ قارىدى. مەسىلەن: «جون — بىر شىر» ( John is a lion). بۇ يەردە «شىر» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە «باتۇر» (a counrageous man) نىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

مەيلى ئارىستوتېلنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆزىدە ئېيتىلغىنىدەك، ئورۇن بەرگۈچى سۆز بىلەن ئورۇن ئالغۇچى سۆز ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما مۇناسىۋەت مەۋجۇت دەيدىغان «سېلىشتۇرما نەزەرىيىسى» (对比论) بولسۇن، مەيلى كۇنتىللىئوننىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆزىدە ئېيتىلغىنىدەك، مېتافورا بىر سۆزنى يەنە بىر سۆزنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ھادىسە دەيدىغان «ئورنىغا دەسسىتىش نەزەرىيىسى» (替代论) بولسۇن، ھەممىسىدىلا مېتافورا سۆز قاتلىمىدىكى بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل، مېتافورانىڭ رولى بىر خىل «قوشۇلغان»، بولسىمۇ بولمىسىمۇ بولىدىغان «زىننەتلەش» دەپ قارىدى. ئىككى خىل نەزەرىيە ئوخشاشلا مېتافورانى قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، ھەممىسى نورمال تىل قائىدىلىرىدىن چەتنەشنىڭ بىر خىلى شەكلى دەپ قارىدى.

## 2. ئىنگلىز تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە رىچارد ( Richard Whately، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەنگلىيىلىك لوگىكىشۇناس) «ئىستىلىستىكا پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، مېتافورانىڭ تەسىرلىشىش (互动理论) نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنچە بلەك (M. Black، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1962 ـ يىلى «ئۆلگىلەر ۋە مېتافورا» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان) شۇ ئاساستا تەسىرلىشىش نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئارىستوتېل، كۇئىنتىللىئاننىڭ نەزەرىيىسىدىن كېيىنكى مېتافورانى چۈشەندۈرىدىغان 3 ـ خىل ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئىگە نەزەرىيە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى مۇنداق:

① ھەر بىر مېتافورىلىق بايان ئىككى ئاساسىي سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرى بىرلەمچى ئاساسىي سۆز (主要主词)، يەنە بىرى ئىككىلەمچى ئاساسىي سۆز (次要主词)؛

② ئىككىلەمچى ئاساسىي سۆز بىر سىستېما دەپ قارىلىشى كېرەك؛

③ مېتافورالىق جۈملە ئىككىلەمچى ئاساسىي سۆزدىن قۇرۇلغان بىر گۇرۇپپا «مۇناسىۋەتلىك يوشۇرۇن مەنە» (相关隐含) نى ئەڭ ئاساسىي سۆزدە «چاقنىشى» (映射) ئارقىلىق ئۇنىڭدىن مېتافورالىق مەنىنى ھاسىل قىلىدۇ.

شۇڭا، رىچارد بىلەن بلەك مېتافورا ــ بىر خىل يېڭى مەنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بارلىققا كېلىش جەريانىدىن ئىبارەت، ئۇ ئىككى ئاساسىي سۆزنىڭ سۆز مەنىسىنىڭ تەسىرلەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى ئەنئەنىۋى ئىستىلىستىكىنىڭ مېتافورانى سۆزلۈك قاتلىمىدىلا چەكلەپ قويىدىغان، ھەمدە ئۇنى بىر خىل سېلىشتۇرما، مەنىنىڭ ئورۇن دەسسىشىدىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ھادىسە دەيدىغان چەكلىمىلىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى بىر خىل سېمانتىكىلىق ھادىسە دەپ قاراپ، جۈملە قاتلىمىغا قويۇپ تەھلىل قىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، غەرب پەلسەپىسىنىڭ تىلشۇناسلىققا بەكرەك ئېغىشى ۋە سېمىئولوگىيە، بىلىش پسىخولوگىيىسى قاتارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ غەربتە بارلىققا كېلىشى ھەم تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پەيلاسوپ، پسىخولوگ، سېمىئولوگ، ھەتتا پسىخىك تەھلىلچىلەرمۇ بۇ ئالاھىدە تىل ھادىسىسىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى، ھەمدە بۇنى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزدى. بۇ دەۋردىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مېتافورا تەتقىقاتچىلىرىدىن ئىكو (U. Eco، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1983 ـ يىلى «مېتافورا سېمانتىكىسى»ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان)، رىكوئېر (P. Ricoeur، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1977 ـ يىلى « مېتافورانىڭ قانۇنىيىتى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغان)، پەيلاسوپ سىرىل (J.Searle، ھازىرقى زامان غەرب تىلشۇناسى، 1978 ـ يىلى «مېتافورا، مەنە ۋە ئىپادىلەش» ناملىق ئەسىرى كەمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان)، تىلشۇناس لەكئوف (G. Lakoff، ھازىرقى زامان ئامېرىكا تىلشۇناسى، 1989 ـ يىلى ئۇنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى سوغۇققان ئىدراك: شېئىرىي مېتافورا قوللانمىسى» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان) قاتارلىقلار بار.

رىكوئېر 1977 ـ يىلى « مېتافورانىڭ قانۇنىيىتى» ( The Rule of metaphor) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ بۇ كىتابتا

ئەنئەنىۋى ئىستىلىستىكىنىڭ مېتافورا تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە چەكلىمىلىك تەرەپلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك بايان قىلدى، ھەمدە مېتافورانى نۇتۇق سېمانتىكىسىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزدى. رىكوئېرنىڭ مېتافورا نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي تۆھپىسى مېتافورانىڭ رولىنى سۆز دەرىجىسىدىن جۈملە دەرىجىسى ۋە نۇتۇق دەرىجىسىگە كۆتەرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ ئۇنىڭ قارىشىدا ھازىرقى زامان مېتافورا نەزەرىيىسى بىلەن كلاسسىك مېتافورا نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي پەرقىدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە مېتافورا پۈتۈن جۈملە ئىچىدە ھاسىل بولىدۇ، بىراق مەنە ئۇنۇمى يەككە سۆزنىڭ ئۆزىدە ئەكس ئېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

سىرىل نۇتۇق پائالىيىتى نەزەرىيىسى (语言行为理论) نۇقتىسىدىن تىل مەنىسى (语言意义) نى جۈملە سىستېما مەنىسى (句子系统意义) ۋە جۈملە قوللىنىش مەنىسى (句子使用意义) دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. ئۇ مېتافورانى جۈملە قوللىنىش مەنىسىگە تەۋە قىلىدۇ.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ياۋروپا، بولۇپمۇ ئامېرىكىيا ئالىملىرى مېتافورا تەتقىقاتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. م. جونسون قاتارلىقلار بۇنى مېتافورا قىزغىنلىقى دەۋرى دەپ ئاتىدى. 1977 ـ يىلى ئامېرىكا ئۇربانا شامپان (Urbana Champaign) ئۇنىۋېرسىتېتى «مېتافورا ۋا تەپەككۇر» تېمىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، قاتناشقۇچىلار ھەرقايسى ساھەلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مېتافورا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەربابلارنىڭ كۆپىنچىسى قاتناشتى، كېيىنچە بۇ يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلار توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى. 1978 ـ يىلى ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى دېيۋىس شۆبە مەكتىپى خەلقئارا مېتافورا تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ئاساسىي ماقالىلار كېيىنچە «بىلىش ۋە ئىستىلىستىكىلىق تىل» دېگەن نامدا توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى. 1982 ـ ، 1983 ـ يىللىرى «مېتافورا تەتقىقات ئۇچۇرلىرى» نەشر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىندى، 1986 ـ يىلى ژۇرنالنىڭ نامى «مېتافورا ۋە سىمۋول ئەمەلىيىتى» (隐喻与象征活动) گە ئۆزگەرتىلدى، ھەمدە ھازىرغىچە نەشر قىلىنماقتا.

1971 ـ يىلى شىببىس (W. Shibbles) تەھرىرلىكىدە «مېتافورا: كىتابلار تىزىملىكى ۋە تارىختىن تاللانمىلار» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 4000 دىن ئوشۇق مۇناسىۋەتلىك كىتاب تونۇشتۇرۇلغانىدى. 1985 ـ يىلى ۋان. نوپپېن (Va Noppen) قاتارلىقلار 70 ـ يىللاردىن كېيىنكى مېتافورا تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلارنى قوشۇپ، جەمئىي 4317 پارچە كىتاب تىزىملىكىنى يىغىپ توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى. 1986 ـ يىلى ئى. كۇپېر (E.Cooper) مېتافورانىڭ سېمانتىكىلىق مەسىلىلىرى پەلسەپە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغان «مېتافورا» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. 1987 ـ يىلى ئى. كىتتاي (E. Kittay) ھازىرقى زامان بىلىش پسىخولوگىيىسى ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مېتافوراغا مۇناسىۋەتلىك تىلشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان « مېتافورانىڭ بىلىش كۈچى ۋە تىل قۇرۇلمىسى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى. 1989 ـ يىلى لەكئوف بىلەن م. تۇرنېر (M. Turner) شېئىرىدىكى مېتافورانىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە چۈشىنىشى بايان قىلىنغان «دەرىجىدىن تاشقىرى سوغۇققان ئىندراك: شېئىرىي مېتافورا قوللانمىسى» نى نەشر قىلدۇردى. 1992 ـ يىلى، ب. ئىنداركىيا مېتافورانىڭ بىلىش رولى سۆزلەنگەن «مېتافورا ۋە بىلىش» نى ئېلان قىلدى. 1994 ـ يىلى. «پراگماتىكس ژۇرنىلى» «مېتافورا ۋە تىلنىڭ بەلگە خاراكتېرى» نامىدا مەخسۇس سان نەشر قىلدى. 1994 ـ يىلى، گ. ستىن (G. Steen) «ئەدەبىي مېتافورانى چۈشىنىش: تەجرىبە تەتقىقات ئۇسۇلى»نى نەشر قىلدۇردى. 1995 ـ يىلى، ز. رادمان (Z. Radman) «مېتافورا نۇقتىسىدىن: مېتافورا بىلىش مەزمۇنىنىڭ كۆپ يەنىلىك تەتقىقاتى»نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى. 1996 ـ يىلى، ج. مىئو ۋە ئا. كاتز قاتارلىقلار «مېتافورا: ئىلھاملىنىش ۋە قوللىنىش» نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى.

شۇ يىلى، ر. ۋايت (R.White) « مېتافورانىڭ قۇرۇلمىسى: مېتافورالىق تىل خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلى»نى نەشر قىلدۇردى. 1997 ـ يىلى، ئا. گوئاتلى (A. Goatly) «مېتافورا تىلى» نى نەشر قىلدۇردى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە يەنە مەخسۇس مېتافورا تور پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلارنى تارقاتماقتا. (ئەسكەرتىش: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەر ئامېرىكىنىڭ بوگونكى دەۋر تىلشۇناسلىرى. بۇ مەلۇماتلار شاڭخەي چەتئەل تىلى مائارىپى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، 2003 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 3 ـ قېتىم بېسىلغان شۇ دىڭفاڭنىڭ «مېتافورا ئىلمى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.)

Simile غا بەزى كىتابلاردا "ئوخشىمىغان تۈردىكى ئىككى ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسىنى ئوخشاتماقتىن ئىبارەت." («خۇاڭ رېن: «ئىنگلىز تىلى ئىستىلىستىكىسى ۋە يېزىقچىلىقى»، شاڭخەي چەتئەل تىلى مائارىپى نەشرىياتى، 1996 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاي 8 ـ باسمىسى، 63 ـ بەت) دەپ تەبىر بېرىلىدۇ.

كۆپلىگەن ئىستىلىستىكچىلار ئوخشىتىشنى قۇرۇلما جەھەتتە ئوخشالغۇچى (subject, tenor)، ئوخشىغۇچى (reference, vehicle) ۋە ئوخشىتىش سۆزى (indicator of resemblance, simile marker) دىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىنگلىز تىلىدىكى بىر قىسىم ئوخشىتىش سۆزلىرى تۆۋەندىكىچە:

like, as, as if, as though, as... as, (just) as...so, simile to, to bear a resemblance to, ...

▲ She spoke hurriedly, as if her heart had leaped into her throat at the boy's words. (Hardy)

(ئۇ گويا يۈرىكى ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن بىللە كانىيىدىن چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېتىدىغاندەك شۇنداق ئالدىراپ سۆزلىدى.)

ئىنگلىز تىلىدا as بىلەن بىرلىشىپ ئوخشىتىش سۆز بىرىكمىسى تۈزگەن بىر قىسىم سۆزلەر بار، لېكىن بۇ سۆزلەر دائىم ئىشلىتىلىپ ئادەتتىكى سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، گەرچە ئەسلى جانلىق ئوبراز بولسىمۇ، لېكىن يېڭىلىق تۇسىنى يوقاتقان. مەسىلەن:
fresh as a rose, brave as a lion, cunning as a fox, proud as a peacock
(ئەتىرگۈلدەك يومران، شىردەك قەيسەر، تۈلكىدەك قۇۋ، تۇزدەك مەغرۇر).

Simile تەسۋىر جەريانىدا ھەر خىل ئوخشىمىغان شەكىل، ھەرىكەت ۋە ھالەتلەرنى ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. تونۇش بولمىغان نەرسىلەرگە قارىتا تونۇش تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ، تونۇش بولغان نەرسىلەرگە قارىتا كىشىدە يېڭىچە تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

▲ Mother was short and plump and pretty. Her eyes were blue, and her brown hair was like a bird's smooth wings... (Wilder)
(ئانىسى پاكار، تولغان ھەم چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆك ئىدى، ئۇنىڭ قوڭۇر چاچلىرى قۇشنىڭ پارقىراق قاناتلىرىغا ئوخشايتتى.)

ئىنگلىز تىلىدىكى مېتافورامۇ Simile غا ئوخشاشلا، ئوخشىمىغان تۈردىكى ئىككى ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدا ئوخشىتىش ئېلىپ بارىدۇ. پەرقلىنىدىغان يېرى: Simileدا ئوخشالغۇچى ئوخشىغۇچىغا ئوخشايدۇ دېيىلسە، مېتافورىدا ئىككىسى بىردەك دېيىلىدۇ: Simile نىڭ ئوخشىتىش سۆزلىرى بولىدۇ، مېتافورا ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ. بەزىلەر مېتافورىنى ئىخچام Simile(Condensed Simile) دەپ قارايدۇ.
تۆۋەندىكى مىساللارغا قارىساق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

▲ The news is a dagger to his heart

(بۇ سۆز ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلغان خەنجەر بولدى.)

▲ Joe was a lion in the battle.

(جو جەڭدە بىر شىر بولدى.)

مېتافورا ئوخشىتىش سۆزلىرىنى قوللانمايلا قالماستىن، يەنە ئوخشىغۇچىنى ئوخشالغۇچىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ. ئوخشالغۇچى يېزىلمايدۇ. شۇڭا بەزىلىرىدە مەنە بىرئاز چوڭقۇر بولۇپ، كىتابخان كونتېكىستقا قاراپ بىلىۋالسا بولىدۇ.

▲ Money is the lens in camera.

(پۇل كامېرانىڭ لېنزىسى.)

مېتافورا Simile غا ئوخشاش ئىستىلىستىكىلىق رولغا ئىگە. مەيلى تەسۋىري، چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلار بولسۇن، ھەممىسىدىلا كەڭ قوللىنىلىدۇ. مېتافورادا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى بىۋاسىتە سېلىشتۇرۇلمىغانلىقى، بەلكى كىشىگە تونۇش بولغان ئوبراز، ئالاھىدىلىك، ھەرىكەت ياكى پەلسەپۋى پىكىر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئانچە تونۇش بولمىغان ياكى ئاسان ئىگىلىگىلى بولمايدىغان ئوبيېكتتىن ماھىرلىق بىلەن بېشارەت بېرىلىدىغان بولغاچقا، قارىماققا Simile غا ئوخشىمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ھالدا ئوخشىتىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ Simile غا قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئوخشىتىش شەكلى بولۇپ، تېخىمۇ ئىخچام، جانلىق، چوڭقۇر مەنىلىك بولىدۇ.

ئەسلىدە مېتافورا قىلىنغان بىر قىسىم بىرىكمىلەر دائىم ئىشلىتىلىش جەريانىدا كونىراپ، كىشىلەرگە مېتافورا ئەمەستەك بىلىنىپ، ئۆلۈك مېتافورا (Dead Metaphors) غا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: table_leg, bottleneck, running brook(ئۈستەل پۇتى، بوتۇلكا بوينى، يۈگۈرۈۋاتقان ئېرىق) قاتارلىقلار.

مەيلى Simile بولسۇن، مەيلى مېتافورا بولسۇن، ئۇلارنى قوللانغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتا: ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچى بىر تۈردىكى شەيئىلەر بولماسلىقى كېرەك؛ ئوخشىتىش سۆزى ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مېتافورا سۆزلىرى كۆرۈلىسىلا ئوخشىتىش ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكىلەر Simile ياكى مېتافورا دائىرىسىگە كىرمەيدۇ:

▲ Paul looks very much like his brother.

(پائۇل ئاكىسىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ.)

▲The boy is more than intelligent.

(بۇ بالا ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق.)

▲ My car runs as fast as the train.

(مېنىڭ ماشىنام پويىزدەك تېز ماڭىدۇ.)

يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللاردا Epithet (سۈپەتلەش) مۇ ئوخشىتىشنىڭ بىر شەكلى دەپ قارىلىدۇ. بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى چۈشەندۈرۈۋاتقان شەيئىنى ئالاھىدە ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە قىلالىسا بۇ ئىستىلىستىكىدا سۈپەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. سۈپەتلەش ئادەتتە سۈپەت خاراكتېرلىك ياكى ھالەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

a silvery laugh (كۈمۈش قوڭغۇراقتەك كۈلكە)

to smile cuttingly (كەسكىن، يەنى مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش)

a thrilling tale (يۈرەكنى تىترىتىدىغان ھېكايە)

غەربنىڭ مېتافورا تەتقىقاتىغا ئائىت بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئېلىمىزدە نەشر قىلىنىپ، غەرب تىلشۇناسلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. مەسىلەن: لىننى كامېرون (Lynne Cameron)، گراھام لوۋ (Graham Low) قاتارلىقلار تۈزگەن «مېتافورا تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش» (*Researching and Applying Metaphor*) ناملىق توپلام 2001-يىلى 10-ئايدا شاڭخەي چەت ئەل مائارىپى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىندى.

# 3 . ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىدىكى ئوخشىتىش تەتقىقاتى

13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس ئەبۇ ياقۇب بىن يۇسۇپ ئىبنى سەككاكى «ئىلىملەر ئاچقۇچى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ، چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان. ئەسەرنىڭ 3 ـ قىسمى ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ قىسىمنىڭ ئىلمۇل بايان بابىدا ئوخشىتىش ھەققىدە توختالغان. (ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىغا ئائىت بۇ مەزمۇنلار قەمەردىن ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن ئاساس» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.)

ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىدا ئوخشىتىشقا مۇنداق تەبىر بېرىلىدۇ: « ئوخشاشلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ‹ك› ياكى ‹كان›گە ئوخشاش ئوخشىتىش ياردەمچى سۆزلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ خاراكتېرى، ھالىتىنى، پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئوخشاشلىقى بار بولغان يەنە بىر شەيئىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنى تېخىمۇ جانلىق، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئوخشىتىش (التشبيه) دەپ ئاتىلىدۇ.» ئۇلاردىمۇ ئوخشىتىش ئۈچۈن تۆت نەرسىنىڭ ھازىرلىنىشى كېرەك دەپ قارىلىدۇ: ئوخشىتىلىشنى مەقسەت قىلغان نەرسە ئوخشالغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشىتىلغان نەرسە بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە ئوخشىتىشنىڭ ئىككى ئاساسى بولىدۇ. بۇ ئىككى ئاساس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق سوپەت ــ ئوخشاش يوزى ياكى ئوخشاش سوپىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئورتاق سوپەت ئوخشالغۇچىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا ئوخشىغۇچى شەيئىدە كۈچلۈك، گەۋدىلىك ۋە ئاشكارا بولۇشى كېرەك. ئوخشىتىش ياردەمچى سۆزلىرى ئوخشىتىش ياردەمچى ھەرپلىرى، ئوخشىتىش ياردەمچى پېئىللىرى ۋە ئوخشىتىش ياردەمچى ئىسىملىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تۈردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ تۆت ئامىلنىڭ ئىچىدە ئوخشالغۇچى ياكى ئوخشىتىش سۆزلىرى بەزىدە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى مۇنداق ئايرىلىدۇ: ئوخشىتىش ياردەمچى سۆزلىرى ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىش ئەركىن ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئوخشىتىش ياردەمچى سۆزلىرى ئىشلىتىلمىگەن ئوخشىتىش تەكىتلەنگۈچى ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشىتىشنىڭ ئوخشاش يوزى يەنى ئورتاق سوپىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئوخشىتىش تەپسىلىي ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئورتاق سوپەت كەلتۈرۈلمىگەن ئوخشىتىش مۇجمەل ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. ياردەمچى سۆزلەر ئىشلىتىلمىگەن، ھەمدە ئورتاق سوپەت كەلتۈرۈلمىگەن ئوخشىتىش مۇكەممەل ئوخشىتىش (مېتافورا) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ خىل ئوخشىتىشنى كۆرگەن چاغدا ئوقۇرمەن دەرھاللا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ بىر-بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ، بىراق تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنگەندىن كېيىن بۇ يەردە ئوخشىتىشنىڭ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئورتاق سوپىتى بىرلا نەرسىنىڭ بىر ياكى بىرقانچە سوپىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىش ئورتاق سوپىتى بىر خىل بولغان ئوخشىتىش بولىدۇ؛ ئورتاق سوپەت بىرلا نەرسىنىڭ سوپىتى ئەمەس، بەلكى بىرقانچە نەرسىنىڭ سوپىتىنىڭ توپلىنىشىدىن ئىبارەت بولسا، بۇنداق ئوخشىتىش ئورتاق سوپىتى ھەر خىل بولغان ئوخشىتىش دېيىلىدۇ. جۈملە قۇرۇلمىسىدا ئوخشالغۇچى ۋە ئۇنىڭ بىلەن

ئوخشىغۇچىلار ئوخشىتىشنىڭ شەكىللىرى بىلەن كەلتۈرۈلمەي ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىش يوشۇرۇن ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ (مەسىلەن: « سىبخىيلىقىڭ سىبنىڭ سۆزۈڭدىن ئايان بولدى، ئات ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن بىلىنىدۇ.»). ئورتاق سۈپەت ئوخشىغۇچىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئوخشالغۇچىدا كۈچلۈك بولغان، باشقىچە ئېيتقاندا، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ئوخشىتىش تەتۈر ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ (مەسىلەن: «مەن ئۇلارغا ۋە باشقىلارغا سەھرادەك كۆڭۈل بۆلىمەن، ئۇنىڭ چوڭلۇقى خۇددى رەھىمدىل كۆڭۈلگە ئوخشايدۇ.»).

ئوخشىتىشنىڭ مەقسىتى ئوخشالغۇچىدا ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئىشنىڭ ئوچۇق ئىپادىلىنىشى، ئوخشالغۇچىنىڭ سۈپىتىنى ئېنىقلاش، ئوخشالغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى مىقدارىنى بىلدۈرۈش، ئوخشالغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھەمدە ئوخشالغۇچىنى زىننەتلەش ياكى قامچىلاشتىن ئىبارەت.

ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىدا يەنە ئىستىئارە دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە بار بولۇپ، ئوخشىتىشقا يېقىن تۇرىدۇ. بۇ بىر سۆزنى ئوخشاشلىقتىن پايدىلىنىپ ئەسلىي مەنىسىدىن باشقا بىر مەنە، يەنى ئىستىلىستىكىلىق كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىش ياكى ئارىيەلىك كۆچمەدىن ئىبارەت. ئوخشىغۇچى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوخشىتىش ئاشكارا ئىستىئارەلىك كۆچمە مەنە دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئوخشىغۇچىسى قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالامەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئوخشىتىش بولسا يوشۇرۇن ئىستىئارەلىك كۆچمە مەنە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىستىئارە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۆز تۈپ سۆز بولسا، بۇ خىل ئىستىئارە ئەسلىي ئىستىئارە دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئەگەر ئىستىئارەدە ئىشلىتىلگەن سۆز پېئىلدىن تۈرلەنگەن ياسالما سۆز ياكى پېئىل بولسا، بۇ خىل ئىستىئارە ئەگەشمە ئىستىئارە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىستىئارەنى يەنە ئەرەب تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا نامزاتلىق ئىستىئارە، ئوچۇق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



ئىستىئارە ۋە مۇتلەق ئىستىئارە دەپ بۆلىدۇ. يەنە تەمسىللىك ئىستىئارە دېگەن تۈرمۇ بار.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، گەرچە ئىستىئارەنىڭ ئاساسى ئوخشىتىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەزى ئامىللارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، قوللىنىش ئۇسۇللىرىدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر سەۋەبىدىن ئادەتتىكى ئوخشىتىشتىن پەرقلىنىدۇ. دېمەك، ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىدا ئىستىئارەگە ئوخشىتىشتىن ئايرىلىپ چىققان ئايرىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

# §2 خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## 1. خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي جەريانى

ئوخشىتىش جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئەڭ ئاۋۋال شەرھلىگەن تىل ھادىسىلىرىنىڭ بىرى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئالدىدىكى دەۋر جۇڭگو ئوخشىتىش نەزەرىيىسى ۋە ئوخشىتىش ئەمەلىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

كۇڭزىنىڭ «يېقىن نەرسىگە ئوخشىتىش» (能近取譬) تەلىماتى: «مۇھاكىمە ۋە بايان»دا، كۇڭزىنىڭ «يېقىن نەرسىگە ئوخشىتىش» دېگەن تەلىماتى ئۇچرايدۇ. بۇ ئوخشىتىشنى قوللىنىشنىڭ بىر مۇھىم پرىنسىپى بولۇپ، ئۆزى پىششىق بىلىدىغان، تونۇش نەرسىلەرنى ئوخشىغۇچى قىلىش دېگەنلىكتۇر.

موزىنىڭ «ناتونۇش شەيئىنى ئېنىق شەيئى بىلەن ئىپادىلەش» تەلىماتى: «موزى» ناملىق كىتابتا، «辟也者，举也物而以明之也» دېگەن بىر جۈملە سۆز بار. بۇنىڭ مەنىسى «ئوخشىتىش چۈشەندۈرۈلىدىغان شەيئىنى ئېنىق شەيئى بىلەن ئىپادىلەشتۇر.» دېگەنلىك بولۇپ، موزى بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ئوخشىتىشقا تەبىر بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوخشىتىشنىڭ رولى، يەنى قىممىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشىتىش تەتقىقاتىدا ئوخشىتىشقا بېرىلگەن تۇنجى تەبىر، ھەمدە ئۇنىڭ رولىنى تۇنجى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



تەكىتلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. موزى يەنە ئۆز تەلىماتىدا ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپىمۇ، ئوخشىمايدىغان تەرىپىمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ يەنە ئوخشىتىشنى قوللانغاندا، چوقۇم بەلگىلىك قائىدىگە بويسۇنۇش لازىملىقى، ئېھتىيات بىلەن قوللىنىش، قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك كېرەكلىكىنى، بىر تەرەپكىلا ئەھمىيەت بېرىپ باشقا تەرەپكە سەل قاراشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مۇۋاپىق قوللىنىلمىغان ئوخشىتىشلارنى مىسال قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ ، ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئوخشىتىشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ.

سۈنزىنىڭ «ئوخشىتىش - ئوخشاتماق دېمەكتۇر» دېگەن (譬称比方) تەلىماتى: «سۈنزى» ناملىق كىتابتا، سۈنزىنىڭ ئوخشىتىش ھەققىدە توختالغان «ئوخشىتىش - ئوخشاتماق دېمەكتۇر» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ: بۇ كۆزنىڭ «يېقىن نەرسىگە ئوخشىتىش» تەلىماتى بىلەن ئاساسەن بىردەك ھېسابلىنىدۇ. سۈنزىنىڭ يەنە بىر جۈملىسى : «比方之疑似而通» بولۇپ، بۇنىڭدا ئوخشىمىغان شەيئىلەردە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىك بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يەنە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنىڭمۇ بولىدىغانلىقى، ئوخشىمىغان شەيئىلەر ئىچىدىن ئوخشاشلىقنى تېپىپ چىقىپ ئوخشىتىش ياساپ، ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىملىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر جۈملە سۆزى : «譬称以喻之，分别以明之» بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى موزىنىڭ ئوخشىتىشنىڭ رولى ھەققىدىكى تەلىماتى بىلەن يېقىن بولۇپ، سۈنزى بۇ يەردە ئوخشىتىشنىڭ زاكون (داۋلى) چۈشەندۈرىدىغان رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. سۈنزى ئوخشىتىشنىڭ قوللىنىلىشى بەلگىلىك سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، قائىدە- يوسۇنلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ھەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.

خەن فېيزىنىڭ ( 连类比物 ) تەلىماتى: «خەن فېيزى» ناملىق

كىتابتا ، خەن فېيزىنىڭ ئوخشىتىش ھەققىدىكى مۇنداق جۈملىلىرى بار: «多言繁称，连类比物，则见以为虚而无用»، بۇنىڭ مەنىسى ئوبيېكتىپ شەيئى ئەسلىدە ناھايىتى ئېنىق تۇرسا، يەنە كېرەكسىز ئوخشىتىش قوللىنىپ، ئارتۇقچە زىننەتلەشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. خەن فېيزى قانداق چاغدا قوللىنىش، قانداق چاغدا قوللانماسلىق مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنىشى كېرەك، ئوخشىتىشنى ئىشلەتمەيمۇ بولمايدۇ، لېكىن قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

جۇاڭزىنىڭ «زىننەتلەش ئۇچۇنلا قوللىنىش ئەخمەقلىق» دېگەن تەلىماتى: جۇاڭزى ئوخشىتىشنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە قارشى تۇرمايدۇ، بەلكى ئۇ ئوخشىتىشنى قوللىنىشتا، زىننەتلەشكىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشقا قارشى تۇرىدۇ. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇ بىر ئەخمەقلىق دەپ قارايدۇ.

«جۇيى» (周易) ناملىق كىتابتىكى تەلىمات: بۇ كىتابتىكى ئوخشىتىش ھەققىدىكى بايانلاردا، ئوخشىتىشنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىگە تەقلىد قىلىنىشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ. يەنى، كونكرېت شەيئى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئۇقۇم باغلىنىشلىق بولۇشى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىش لازىملىقى كۆرسىتىلىدۇ. يېقىندا ئۈز يېنىدىن، يىراقتا باشقا شەيئىلەر ئارىسىدىن ئوخشىغۇچى تېپىش تەكىتلىنىدۇ. ئوخشىتىشنىڭ رولىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «كىچىك ئارقىلىق چوڭنى ئىپادىلەش» تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلىتىلگەن تىل ماتېرىيالى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئىپادىلىگەن مەزمۇن چوڭقۇر بولۇشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

«شېئىرنامە» دىكى «ئوخشىتىش يىراق بولۇپ كەتمەسلىك» (取譬不远) تەلىماتى: بۇ تەلىمات كۇڭزىنىڭ يېقىن شەيئىگە ئوخشىتىش تەلىماتى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئوخشىتىش بەك يىراق بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن قەدىمكىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىشتا ناتونۇش نەرسىلەرنى پىششىق تونۇش نەرسىلەرگە ئوخشىتىش، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئۇقۇملارنى چۈشىنىشلىك نەرسىلەرگە ئوخشىتىش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ دەۋردە ئوخشىتىشقا دەسلەپكى قەدەمدە تەبىر بېرىلگەن، ئوخشىتىشنىڭ رولى تەكىتلەنگەن، يېقىن شەيئىلەرگە ئوخشىتىش تەشەببۇس قىلىنغان، ئوخشىتىشنى قالايمىقان ئىشلىتىش تەنقىدلەنگەن. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇندىكى كىتابلىرىدىن ئېلىنغان پارچە بايانلار بولۇپ، ئوخشىتىش سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىغان، تېخى باشلانما ھالەتتە تۇرغان. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئۆزى خېلى زور نەتىجە ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىگە كەلگەندە ئىلگىرىكى دانىشمەنلەرنىڭ تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىنغان ئاساستا، ئوخشىتىشنىڭ مۇنازىرىدىكى رولى تەكىتلەندى، ئوخشىتىش نەزەرىيىسىنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كېڭىيىپ، شېئىر قاتارلىق ژانىرلاردىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە بايانلار مەيدانغا كەلدى، ئوخشىتىشنىڭ خاراكتېرى، رولى، ئوخشىتىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى قاتارلىقلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يۈزلىنىلدى. ئەمما، خەن دەۋرىدىكى ئوخشىتىش ھەققىدىكى بايانلارنوملارنىڭ تەپسىرلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان پارچە بايانلار بولۇپ، يەنىلا چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى.

«خۇەينەنزى» (《淮南子》) دىكى «ئاساس بولىدىغان شەيئىدىن ماسلىقنى ئىزدەش، ئوخشاشلىقنى تېپىپ ئوخشىتىش» (假象取偶，以相譬喻) تەلىماتى: ليۇ ئەن «خۇەينەنزى» ناملىق كىتابتا، ئوخشىتىشنىڭ بەلگىلىك ئوبيېكتىپ شەيئى ئاساسىدا قۇرۇلۇشى، ئوبيېكتىپ شەيئى ئارقىلىق سۇبيېكتىپ زاكوننى

چۈشەندۈرۈش لازىملىقىنى، ئوخشىمىغان شەيئىلەر ئىچىدىن ئوخشاشلىقىنى تېپىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە بۇ كىتابتا، ئوخشىتىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تۈر، ئوخشىمىغان خاراكتېردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىشنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇشقا، كۆزقاراشنى ئىپادىلەشكە، ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سىماچيەننىڭ «مىسال ئېلىپ يىراقنى يېقىن قىلىش» (举类迩而见以远) تەلىماتى: سىماچيەننىڭ بۇ كۆز قارىشىدا چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دانىشمەنلەرنىڭ «كىچىك ئارقىلىق چوڭنى ئىپادىلەش» تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىنغان بولۇپ، ئوخشىتىشنىڭ قىممىتى ۋە مەقسىتىنىڭ قىيىننى ئاسان، يىراقنى يېقىن قىلىپ كۆرسىتىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

چېن كۇينىڭ «ئەدەبىي پرىنسىپلار» ( 《文则 ) كىتابىدىكى ئوخشىتىش تەلىماتى: چېن كۇينىڭ «ئەدەبىي پرىنسىپلار» ناملىق كىتابى خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسى ھەققىدىكى تۇنجى مەخسۇس ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئوخشىتىش ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. چېن كۇي ئوخشىتىشنى 10 تۈرگە بۆلدى. ئۇلار: ئۇدۇل ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، تۈر ئوخشىتىش، قايتۇرما سوراق ئوخشىتىش، ماسلاشتۇرما ئوخشىتىش، كۆپ ئوخشىتىش، ئىخچام ئوخشىتىش، تەپسىلىي ئوخشىتىش، نەقىللىق ئوخشىتىش، قىياس ئوخشىتىش. چېن كۇينىڭ بۆلۈش ئۇسۇلىدا قوللىنىلغىنى ئورتاق بىر ئۆلچەم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئوخشىتىش شەكىللىرى بارلىقىنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە يارىشا ئايرىپ كۆرسەتكەن.

مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئوخشىتىش نەزەرىيىسى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. لى دوڭياڭ ئەسەر يازغاندا، ئوخشىتىشنى قوللىنىش بىلەن قوللانماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنى قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتتى. لى مېڭياڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىشنى كىرىشتۇرۇپ جايىدا قوللانغاندىلا ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئۇدۇللا يازغاننىڭ ئانچە قىممىتى بولمايدۇ دەپ قارىدى. خې جىڭمىڭ تاڭ دەۋرىدىن كېيىنكى شېئىرلارنى باھالاپ، ئۇلارنىڭ ئوخشىتىش ئارقىلىق بەدىئىي جەھەتتە ئۆزگىرىش ياسىيالمىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى. كاڭ خەي ئوخشىتىش ئوچۇق بولماسلىق، زىننەتلەش ئاساسسىز بولۇش ئەھۋاللىرىنى تەنقىد قىلدى.

بۇ دەۋردىكى ئوخشىتىش تەتقىقاتىدىكى ئەڭ زور نەتىجە مەخسۇس ئوخشىتىش ھەققىدە يېزىلغان ئىككى پارچە ئەسەردىن ئىبارەت. ئۇلار «ئوخشىتىشلار تويلىمى» (《喻林》) ۋە «كلاسسىكلارنىڭ ئوخشىتىشلار ھەققىدىكى بايانلىرى» (《经言明喻编》) دىن ئىبارەت.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، خەنزۇ تىلىدا «ئىستىلىستىكا» (修辞学) دېگەن نام بىلەن رەسمىي دەرسلىكلەر مەيدانغا كەلدى. 1905 ـ يىلى تاڭ جېنچاڭ (汤振常) نىڭ «ئىستىلىستىكا دەرسلىكى» (《修词学教科书》)، كېيىنچە چېن ۋاڭداۋ ئەپەندىنىڭ «ئىستىلىستىكىغا مۇقەددىمە» (《修辞学发凡》) ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسىنىڭ ئاساسى سېلىندى، ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ باسقۇچتا ئوخشىتىش نەزەرىيىسى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولدى. بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىستىلىستىكىنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىغا سېلىنىپ تەتقىق قىلىندى، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولدى. چەتئەللەرنىڭ ئىلغار نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئوخشىتىشقا ئائىت مەسىلىلەر تەھلىل قىلىندى. ئوخشىتىشنىڭ رولى بىلەن شەكلى تەڭ تەھلىل قىلىنىپ، ئىلگىرىكى رولىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، شەكلىگە سەل قارايدىغان كەمچىلىكلەر تۈزىتىلدى. ئوخشىتىشنىڭ تۈرى ۋە باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چوڭقۇر تەتقىق قىلىندى.

شۇنىڭدەك، ئوخشىتىش تەتقىقاتى كۆپ قاتلام، كۆپ خىل ئىلىم نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنىپ، ئىلگىرى يەتمىگەن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. شۇنىڭدەك يەنە، روشەن ھالدا چەتئەللەرنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان ئوخشىتىش نەزەرىيىسىمۇ پەيدا بولدى، ھەتتا بەزى كىتابلاردا ئوخشىتىشنىڭ نامى، تەبىرى قاتارلىقلاردا چەتئەللەرنىڭكىنى كۆچۈرۈپلا ئېلىپ كەلدى. خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىماي قارىسىغا مۇئامىلە قىلىدىغان ئىشلار بولدى.

تاڭ جېنچاڭ «ئىستىلىستىكا دەرسلىكى» ناملىق كىتابىدا، ئوخشىتىشنى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ئارىلاشما ئوخشىتىش دەپ بۆلدى. لوڭ بوچۈن 1905 ـ يىلى نەشر قىلىنغان كىتابى «يېزىققا مۇقەددىمە»نىڭ ئىستىلىستىكا قىسمى ( 《文字发凡·修辞学》 ) دا، ئىستىلىستىكىلىق ھادىسىنى تاشقى تەرەپتىكى ھادىسە ۋە مەزمۇندىكى ھادىسە دەپ ئىككىگە بۆلدى، يەنە ئاكتىپ تەرىپى ۋە پاسسىپ تەرىپى دەپ بۆلدى. ئوخشىتىشقا تەبىر بېرىپ، بىر شەيئى ئېنىق بولمىغاندا ئۇنى يەنە بىر شەيئى ئارقىلىق ئېنىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. بۇنىڭدا قەدىمكىلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىنغان. ئوخشىتىشنىڭ ئۇنۇمى — مەزمۇننى ماسلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش، بىلمىگەن نەرسىنى بىلدۈرۈپ، بىلىم بېرىش، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلىنى كېڭەيتىش، گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلاش دەپ كۆرسەتتى. ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرىنى ئۈدۈل ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، تۈر ئوخشىتىش، تەكىتلىمە ئوخشىتىش، ئالماشتۇرما ئوخشىتىش، ھەجۋىي ئوخشىتىش دەپ بۆلدى، ئەمەلىيەتتە، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەكىتلىمە ئوخشىتىش، ئالماشتۇرما ئوخشىتىش دېگەنلىرى بۈگۈنكى كۈندىكى ۋاكالەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ليۇ جىندى 1909 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئەدەبىي قائىدىلەر توپلىمى» ( 《文法会通》 ) ناملىق كىتابىدا ئوخشىتىشنىڭ تەبىرى، تۈرلىرى، قوللىنىش پرىنسىپلىرى ھەققىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىغا قويدى: قىيىن ئىش ياكى قىيىن قائىدىنى ئاسان ئىش ياكى ئاسان قائىدە ئارقىلىق ئىپادىلەش ئوخشىتىش بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىمۇ قەدىمكىلەرنىڭ تەبىرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان ئىدى. ئۇ ئوخشىتىشنى ئوخشىتىش مەنىسى بىلەن ئۇدۇل مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قاراپ بەش تۈرگە بۆلدى: ① تەڭداش ئىككى جۈملە، ئوخشىتىش مەنىسى ئالدىدا، ئەسلى مەنىسى كەينىدە ياكى ئەسلى مەنىسى ئالدىدا، ئوخشىتىش مەنىسى كەينىدە. ② ئۈچ قاتلام، ئالدىنقى ئىككى قاتلام ئوخشىتىش مەنىسى، كېيىنكى قاتلام ئەسلى مەنىسى. ③ ئەسلى مەنىسى بىلەن ئوخشىتىش مەنىسى تەڭداش بولمىغان، ئەمما ئوخشىتىش مەنىسى ئەسلى مەنىنىڭ يا ئالدىدا يا كەينىدە كەلگەن شەكىل. ④ ئوخشىتىش مەنىسى تېكىستتا بىر كىچىك ئابزاستىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسلى مەنىسى ئۇنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە كەلگەن شەكىل. ⑤ ئوخشىتىش مەنىسى ئەسلى مەنىسىنىڭ ئورنىدا كەلگەن شەكىل. ئۇ ئوخشىتىشنى قوللىنىش پرىنسىپى «ئىسىل سۆزلەر ئارقىلىق ئاددىي مەزمۇننى ئىپادىلەش» دەپ كۆرسەتتى.

لەي يۈشۈن 1906 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خەنزۇ تىلى لۇغىتى» («汉文典») ناملىق كىتابىدا ئوخشىتىشنى ئۇدۇل ئوخشىتىش، تۈر ئوخشىتىش، قايتۇرما سوراق ئوخشىتىش، كۆپ ئوخشىتىش، ئىخچام ئوخشىتىش، تەپسىلىي ئوخشىتىش، نەقىللىق ئوخشىتىش، قىياس ئوخشىتىش، ئارىلاشما ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش قاتارلىق ئون تۈرگە بۆلدى. بۇ خىل بۆلۈش چېن كۇينىڭ بۆلۈشىگە ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تەپسىلىي ئىزاھاتلاردا بەزى يېڭىلىقلار بار.

«4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن جۇڭگو جەمئىيىتى ھازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاممىباب تىلنىڭ كەڭ ـ كۆلەمدە قوللىنىلىشى، چەتئەللەرنىڭ ئىستىلىستىكا نەزەرىيىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىشى بىلەن ئوخشىتىش نەزەرىيىسىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. چېن ۋاڭداۋ ئەپەندىنىڭ

«ئىستىلىستىكىغا مۇقەددىمە» ۋە تاڭ يۈنىڭ «ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر»، لى جىنشىنىڭ «ئىستىلىستىكا . ئوخشىتىش» (《修辞学比兴篇》) ناملىق ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. نۇرغۇن زىيالىيلار يەنە ئوخشىتىش ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. يۈن ليۇ (云六) 1921 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن ئومۇمىي بايان» (《国语修辞法概述》) ناملىق كىتابىدا، چەتئەللەرنىڭ پسىخولوگىيە نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ، پسىخولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ئوخشاشلىق تۈردىكىلەر، باغلانما تەسەۋۋۇر تۈردىكىلەر، سېلىشتۇرما تۈردىكىلەر ۋە باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دەپ تۆت چوڭ تۈرگە بۆلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوخشىتىشنى ئوخشاشلىق تۈردىكىلەر ئىچىدە ئېنىق ئوخشىتىش، مېتافورا، جانلىق ئوخشىتىش، ئونوماتوپېيە، ئاللېگورىيە قاتارلىق بەش تۈرگە بۆلگەن؛ باغلانما تەسەۋۋۇر تۈردىكىلەرنى سىنېكدوخا ، مېتونومىيە (提喻法、换喻法) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردىكى جانلىق ئوخشىتىش جانلاندۇرۇشقا، ئونوماتوپېيە ئاۋاز تەقلىدىگە، سىنېكدوخا بىلەن مېتونومىيە ۋاكالەتلەندۈرۈشكە تەۋە بولىدۇ. بۇنىڭدا پۈتۈنلەي چەتئەللەرنىڭ بۆلۈش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىنغان.

چېن جېبەي 1936 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىستىلىستىكىدىن يېڭى ئەسەر» (《新著修辞学》) ناملىق كىتابىدا، ئىستىلىستىكىلىق ھادىسىلەرنى پسىخولوگىيىلىك پرىنسىپ بويىچە تەھلىل قىلغان. ئوخشىتىش كىشىنى ھەممىدىن بەك ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋاستە دەپ قارىغان، ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى پسىخىكىلىق نۇقتىدىن مۇناسىپ تۈيغۇ ئارقىلىق كېلىدىغان خۇشاللىق، تۈيغۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا ماس كېلىدىغان قايتا بايقىلىدىغان خۇشاللىق، يۇرەكنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كېڭەيتەلەيدىغان خۇشاللىق دەپ ئۈچ جەھەتتىن كۆرسەتكەن. ئوخشىتىشنى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ئاللېگورىيە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماسلاشتۇرما ئوخشىتىش، ئۆلانما ئوخشىتىش، تەكىتلىمە ئوخشىتىش، تەكرار ئوخشىتىش، نەقىللىق ئوخشىتىش، بايان ئوخشىتىش، كېسىشمە ئوخشىتىش، كونكرېت ئوخشىتىش، خەتلىك ئوخشىتىش، ئاۋاز ئوخشىتىش، سۆز ئوخشىتىش دەپ 14 تۈرگە بۆلىدى. ۋاڭ يى (王易) 1926 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىستىلىستىكا» (《修辞学》) ناملىق كىتابىدا، ئىستىلىستىكىنى گۈزەللىك ھەققىدىكى پەن، ئۇ سۆز گۈزەللىكىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئېستېتىكىغا تەۋە، دەپ قارىدى، ھەمدە ئوخشىتىشنى ئۇدۇل ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، تەكىتلىمە ئوخشىتىش، ئاللېگورىيە، نەقىللىق ئوخشىتىش، ئاۋاز ئوخشىتىش، خەت ئوخشىتىش، سۆز ئوخشىتىش قاتارلىق سەككىز تۈرگە بۆلدى. چېن ۋاڭداۋ ئەپەندىنىڭ 1932 ـ نەشر قىلىنغان «ئىستىلىستىكىغا مۇقەددىمە» (《修辞学发凡》) ناملىق كىتابى جۇڭگو ئىستىلىستىكا تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر، ئۇ يېڭىچە بىر ئىستىلىستىكا سىستېمىسىنى ياراتتى.

چېن ۋاڭداۋ ئەپەندى ئوخشىتىشنى ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش (明喻、隐喻、借喻) دەپ ئۈچ ئاساسىي تۈرگە ئايرىدى. چېن ۋاڭداۋ ئەپەندىنىڭ ئوخشىتىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىگە بەرگەن تەبىرلىرى ناھايىتى جايىدا، ئىلمىي بولۇپ، ھازىرغىچە تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق ئۇ ھەر بىر خىل ئوخشىتىشنى قوللانغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭ نۇقتىنەزەرلىرى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىممىتىگە ئىگە. ئۇ ئوخشىتىشلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش رولىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئوخشىمىغان تۈرنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىقتىدارلىرىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭ ئوخشىتىشقا ئالغان مىساللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، ھەم تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈن خەنزۇ ئەدەبىيات تارىخىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەمگىكى كېيىنكىلەر ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال ئاساسىنى يارىتىپ بەردى.

ئومۇمەن، خەنزۇ تىلى ئوخشىتىش تەتقىقاتى چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋردىن باشلاپ، 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، دەسلەپ ئومۇمىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەردە پارچە-پۇرات بايانلار بېرىلگەن بولسا، كېيىنچە ئوخشىتىش ھەققىدىكى رەسمىي تەبىر، ئوخشىتىشنى قانداق قوللىنىش مەسىلىسى، ئوخشىتىشنىڭ رولى ۋە بىر قىسىم ئوخشىتىش تۈرلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىلەر بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ باردى. 20-ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە بولسا، غەربنىڭ ئوخشىتىش نەزەرىيىسىنىڭ ئېقىپ كىرىشى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوخشىتىش ئەمەلىيىتى غەربنىڭ يېڭىچە نەزەرىيىلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ھەمدە ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىلى ئوخشىتىش نەزەرىيىسىنىڭ غەرب ئوخشىتىش نەزەرىيىسى بىلەن ھەم بىردەكلىك، ھەم خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 2. خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشىتىشلار تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسى، جۈملىدىن ئوخشىتىش نەزەرىيىسىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئوخشىتىش ھەققىدە بىر نەچچە پارچە مەخسۇس ئەسەر ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى. چەت ئەللەرنىڭ ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى، جۈملىدىن ئالماشتۇرما ـ تۇغدۇرما گراماتىكىسىغا ئائىت مەزمۇنلار خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قاتلاملىرى ئىنچىكە تەتقىق قىلىندى. ئوخشىتىشنىڭ بىر مۇنچە يېڭى تۈرلىرى بايقالدى، نۇرغۇن يېڭى ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلەر مەيدانغا كەلدى.

(1) ئوخشىتىشنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى، قوبۇل قىلىنىشچانلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ھەر خىللىقى، ئىجادىيلىقى، دەۋرچانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى.

①ئوخشىتىشتا يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى.

شۇ يۈەنشۈي « ئوخشىتىشنىڭ كۆپ خىللىشىشى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» (《试谈比喻的多样化》) ناملىق ماقالىسىدا، ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ، ئوخشىتىشنىڭ ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش، نەقىللىق ئوخشىتىش (明喻、暗喻、借喻、引喻) قاتارلىق تۆت تۈردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بار،

مەسىلەن، ئىنكار ئوخشىتىش، كۆپ ئوخشىتىش، ئالاھىدە ئوخشىتىش، ئايلانما ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش، ئۆزئارا ئوخشىتىش، ئىنقىلاش ئوخشىتىش، تەڭداش ئوخشىتىش، ئىمزاھ ئوخشىتىش، چاقىرىق ئوخشىتىش، ئۇلانما ئوخشىتىش، قاتلاملىق ئوخشىتىش، بىرلەشمە ئوخشىتىش قاتارلىقلار دەپ كۆرسەتتى.

جۇ چياڭ (朱强) «ئوخشىغۇچىنىڭ تاللىنىشى ۋە تاللانغان ئوخشىغۇچىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى» ناملىق ماقالىسىدا، ئوخشىغۇچىنى تاللاشتا ھامان ھەر خىل سەزگۈ (كۆرۈش، تۇتۇش، پۇراش، ئاڭلاش، تېتىش ) لەردىن ئايرىلمايدىغانلىقى، بىر شەيئىنى ھەر خىل شەيئىلەرگە ئوخشىتىشقا بولىدىغانلىقىنى. شۇنىڭدەك ھەر خىل شەيئىلەرنى بىر شەيئىگە ئوخشىتىشقا بولىدىغانلىقى، ئوخشىتىش قوللىنىشنىڭ كونكرېت تىل شارائىتىغا تايىنىدىغانلىقى، ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

② يېڭىلىق ۋە يېقىشچانلىق (新异性与可接受性) مەسىلىسى.

جاڭ ياجۈن ، شياۋ شىچياڭلارنىڭ « ئوخشىتىشنىڭ يېڭىلىقى ۋە يېقىشچانلىقىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدا، ئوخشىتىشتىكى يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، يېڭىلىق ئوخشىتىشنىڭ جېنى، بىراق ئۇ قوبۇل قىلىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ئەگەر بىر ئوخشىتىش قوبۇل قىلىشقا ئېرىشەلمىسە، كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمىسا، ئۇنىڭ ھەرقانچە يېڭى بولغىنىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. ھەمدە بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى سۆز ئېقىمىنى ئۆزگەرتىش دەپ قارىدى. شۇنىڭدەك قايسى قىسمىنى ئۆزگەرتىش، قانداق ئۆزگەرتىش ھەققىدە بىر نەچچە نۇقتىنى تەكىتلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خې جيەنپىڭ «يېڭىلىق — ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى» (《新异性—比喻的内动力》) ناملىق ماقالىسىدا، ئوخشىتىشنىڭ يېڭىلىق تۈيغۇسى ھەرگىزمۇ ئوخشىتىشنىڭ ئوبرازچانلىقى نۇقتىسىدا توختاپ قالماسلىقى كېرەك، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئۆزئارا بىر گەۋدىلىشىپ كېتىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ، بۇ خىل بىر گەۋدىلىشىپ كېتىش ئۇنۇمىنىڭ ئاچقۇچى — ئوخشىغۇچىدا، دەپ قارىدى. بۇ ماقالىدە ئاپتور ئوخشىتىشنى ئادەتتىكى ئوخشىتىش ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئوخشىتىش دەپ بۆلۈپ، ھەر بىرىدە يېڭىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئايرىم-ئايرىم كۆرسەتتى.

(2) چەت ئەللەرنىڭ تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ، ئوخشىتىشنى شەكىل جەھەتتىن تەسۋىرلەشمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى بىر چوڭ بۆسۈش بولدى.

جاڭ گولياڭ «ئوخشىتىشنىڭ شەكىل تەسۋىرى» (《比喻的形式描述》) ناملىق ماقالىسىدا ماتېماتىكىدىكى ماسلىق ۋە كۆلەڭگە (射影) ئۇقۇمىنى ئوخشىتىش ساھەسىگە ئېلىپ كىردى.

(3) تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىنىشىمۇ ئوخشىتىش تەتقىقاتىدىكى بىر ئالاھىدىلىك بولدى.

سىستېما تەھلىل ئۇسۇلى يېڭى دەۋردىكى ئوخشىتىش تەتقىقاتىدىكى بىر يېڭى يۈزلىنىش بولدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوخشىتىش تەتقىقاتىدا تېخىمۇ ئىلغار ئىلمىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئوخشىتىشنىڭ يېڭىچە مەنىسىنى قېزىشقا باشلاپ، ئوخشىتىش تەتقىقاتىنى ئالغا سۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

لى شېڭمىي «ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلما سىستېمىسى» (《比喻的结构系统》) ناملىق ماقالىسىدا، ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلما سىستېمىسى ئۈستىدە بەش نۇقتىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. بىرىنچى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى مەسىلىسى. بۇ ئىككىسى

ئوخشىتىشنىڭ ئىككى ئاساسلىق تەشكىلىي قىسمى، ئۇلار باشقا-باشقا تۈردىكى، ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان شەيئى بولۇشى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ئوخشاشلىق بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىسى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى باغلىنىش مەسىلىسى. ئۇ سۆز ئارقىلىق باغلىنىش شەكلى ۋە گراماتىكىلىق باغلىنىش شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى باغلىنىشى — ئوخشاشلىق نۇقتىسى. ئاپتور ئوخشاشلىق نۇقتىسى مەسىلىسى ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ سان جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى: ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا بىر ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر، بىرقانچىسى بولۇشىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ مەزمۇن دەرىجىسى: بۇ ئوخشىتىشنىڭ ئېستېتىك زوق قاتلىمىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، خاراكتېر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، مەنىۋى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىپادىسى، ئۇ نۆل شەكىل ۋە ئوخشاشلىق نۇقتىسىنى بىۋاستە كۆرسىتىش قاتارلىق ئىككى خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىدى. تۆتىنچىسى، ئوخشىتىشنىڭ قانات يايغان شەكلى مەسىلىسى، ئاپتور بۇ ئوخشىغۇچىنىڭ ئادەتتىكى ئۇزىرىشىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ ئىپادىلىنىش قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ قارىدى. ئوخشىغۇچىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىكى ئوخشىتىشنىڭ قانات يېيىشى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. ئوخشىتىشنىڭ ھاياتىي كۈچى كۆپىنچە ئوخشىتىشنىڭ كېڭەيگەن قىسمىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئوخشالغۇچى ياكى ئوخشىغۇچىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنىڭ جانلىق تاللىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئەمەس، ئوخشالغۇچى ياكى ئوخشىغۇچىنىڭ نوقۇل تەسۋىرىمۇ ئەمەس. ئۇ مۇشۇ بىر نەچچە قىسىمنىڭ ئومۇمىي گەۋدە شەكلىدە قانات يېيىشى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىشنىڭ يۇكسىلىشىدۇر، دەپ قارىدى. بەشىنچىسى، ئوخشىتىش ۋە ئۇنىڭ بەش تەركىبىي قىسمى مەسىلىسى. ئاپتور ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، باغلىنىش شەكلى، ئوخشاشلىق نۇقتىسى ۋە قانات يايغان قىسمىدىن ئىبارەت بەش تەرەپتىن تۈزۈلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئاپتور سىستېما نۇقتىسىدىن مۇنداق قارىدى: بەش چوڭ قىسىم ئوخشاش بىر قاتلامدا تۇرمايدۇ، ئوخشىمىغان قاتلامدا باغلىنىپ، ئوخشىتىشنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى سىتېرېئولۇق ھالدا قۇرىدۇ. ئۈستۈنكى قاتلامدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى، ئاندىن باغلىنىش ئۇسۇلى، ئاندىن ئوخشاشلىق نۇقتىسى، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا قانات يايغان قىسىم تۇرىدۇ. بەش چوڭ قىسىمنىڭ ئوخشىتىشتا ئوينايدىغان رولى ئوخشاش ئەمەس. ئوخشاشلىق نۇقتىسى ئوخشىتىشنىڭ جېنى، ئوخشالغۇچى چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئوبيېكت، ئوخشىغۇچى كەم بولسا بولمايدۇ، ئۇ ئوخشالغۇچىنى جانلىق، ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈشتىكى چىقىش نۇقتىسى ۋە شەرت. باغلىنىش ئۇسۇلى ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنى جانلىق ھەم پەرقلىق ھالدا باغلاپ، ئوخشىتىشنىڭ ھەرخىل ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قانات يايغان قىسىم ئوخشىتىشنىڭ يۇكسىلىشىدۇر. بەش چوڭ قىسىمنىڭ يوشۇرۇن ـ ئاشكارا بولۇش ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ: a. ئوخشالغۇچى كۆرۈنسە بولىدۇ، كونتېكستىنىڭ ياردىمىدە قىسقىراپ تۇرىشىمۇ مۇمكىن ، لېكىن ئوبيېكت ھامان ئېنىق؛ b. ئوخشىغۇچى قىسقىرىسا قەتئىي بولمايدۇ؛ c. باغلىنىش ئۇسۇلى بەلگىلىك سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ، سۆز تەرتىپى قاتارلىق گرامماتىكىلىق ئۇسۇللار بولۇشىمۇ مۇمكىن : d. ئوخشاشلىق نۇقتىسى كۆرۈنسە بولىدۇ، نۇتۇق شەكلىدە ئوخشىتىشنى چۈشەندۈرىدۇ ياكى نۆل شەكلىدە كېلىپ، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى، ئويلىنىپ تېپىشىغا قالدۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن : e. قانات يايغان قىسىم نۆل شەكلىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن، رولى جەھەتتە، كۈچەيتىش رولىنى ئوينىشىمۇ مۇمكىن .

لى شېڭمېينىڭ سىستېما تەھلىل ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئوخشىتىشنى تەتقىق قىلغان يەنە بىر پارچە ماقالىسى «ئوخشىتىش تۈرلىرىنىڭ سىستېما تەھلىلى» (《比喻类别的系统分析》) بولۇپ، بۇ ماقالىسىدا، ئۇ ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، سەككىز نۇقتىدىن سىستېما تەھلىلى يۈرگۈزدى. بىرىنچى، ئوخشالغۇچىنىڭ كۆرۈنۈش-كۆرۈنمەسلىكى نۇقتىسىدىن ئېنىق ئوخشىتىش ۋە يوشۇرۇن ئوخشىتىش؛ ئىككىنچى، ئوخشىغۇچىنىڭ ئۇسلۇب تۈسى نۇقتىسىدىن تۈز ئوخشىتىش ۋە ھەجۋىي ئوخشىتىش (正喻、讽喻)؛ ئۈچىنچى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سان جەھەتتىكى ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ، بىر ئوخشىتىش، كۆپ ئوخشىتىش، ئۇلانما ئوخشىتىش (单喻、博喻、联喻)؛ تۆتىنچى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىگە قاراپ، شەكلەن ئوخشىتىش، مەنەن ئوخشىتىش، ئومۇمىي ئوخشىتىش (象喻、意喻、通喻)؛ بەشىنچى، ئوخشالغۇچى ۋە ئوخشىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىگە قاراپ، تەرتىپلىك ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش، ئۆزئارا ئوخشىتىش (顺喻、倒喻、互喻)؛ ئالتىنچى، ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچىنىڭ باغلىنىش شەكلىگە قاراپ، سۆز شەكلىدە باغلىنىدىغان ئوخشىتىش (词汇式连接方式) ۋە گرامماتىكىلىق شەكلدە باغلىنىدىغان ئوخشىتىش (语法式连接方式) قا بۆلگەن، ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئىچىدىن يەنە بىرقانچە ئۇششاق تۈرلەرگە ئايرىغان؛ يەتتىنچى، ئوخشىتىشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يېيىشىغا قاراپ، تەپسىلىي ئوخشىتىش، ئىلگىرىلىمە ئوخشىتىش، كىرىشتۈرمە ئوخشىتىش (详喻、进喻、交喻) دەپ بۆلگەن؛ سەككىزىنچى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەن چاغدىكى تەلەپپۇزى (口气)غا قاراپ، تەستىقىي ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، ئايلانما ئوخشىتىش، سوراق ئوخشىتىش (是喻、非喻、回喻、诘喻) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(4) بىر قىسىم تىلشۇناسلار چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كىرىپ خەنزۇ تىلىدىكى ئوخشىتىشلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قۇرۇلمىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى.

ۋاڭ شىجېنىڭ «ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسى» (《比喻的深层结构和表层结构》) ناملىق ماقالىسى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ماقالىدە ئامېرىكىنىڭ ئالماشتۇرما ـ تۇغدۇرما تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە تاشقى قۇرۇلمىسى، ھەمدە ئىچكى قۇرۇلمىدىن تاشقى قۇرۇلمىغا ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، پەرقلىق نۇقتا، ئوخشاشلىق نۇقتىسى قاتارلىقلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا S, O, Y, X قاتارلىق بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەپ ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قۇرۇلمىسىنى فورماللاشتۇرۇپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

$S\neq O$: ئەگەر $S_Y \wedge O_Y$ بولسا، ئۇ ھالدا $S \leftarrow\rightarrow O$: Y مەۋجۇت بولغاچقىلا $S\neq O$: X مەۋجۇت بولغاچقىلا $S = O$ ؛ ۋاڭ شىجې يەنە ئوخشاشلىق ئوخشىتىش ۋە پەرقلىق ئوخشىتىش دەپ ئايرىپ، ئوخشىتىشنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ رەڭدارلىقىنى بايان قىلدى، ئوخشىتىشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىدىن تاشقى قۇرۇلمىغا ئايلىنىشىنى مۇھاكىمە قىلدى. ۋاڭ شىجې يەنە مەنداش ئوخشىتىش ۋە كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىشنى ئايرىپ چىقتى. مەنداش ئوخشىتىش ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش، پەقەت تاشقى قۇرۇلمىسىلا ئوخشىمايدىغان بىر گۇرۇپپا ئوخشىتىشلارنى كۆرسىتىدۇ: كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىش ئىچكى قۇرۇلمىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىغا ئايلىنىش جەريانىدا ئوخشىمىغان ئىچكى قۇرۇلمىلارنىڭ ئوخشاش تاشقى قۇرۇلمىغا ئايلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئەگەر تاشقى قۇرۇلمىسىلا ئوخشاش، بىراق كېلىش مەنبەسى، ماسلىقى ئوخشاش بولمىغان ئىچكى قۇرۇلما

بولسا كۆپ مەنىلىك ئوخشىتىش بولىدۇ. ۋاڭ شىجې ئىچكى قۇرۇلمىدىن تاشقى قۇرۇلمىغا ئايلىنىش جەريانىدىكى چەكلەش شارائىتىنى بايان قىلىدى، ئۇ بۇ خىل ئايلىنىش تىلدىكى سۆزلۈك، گىراممىماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگىلا ئۇچراپ قالماستىن، يەنە ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ خاراكتېرى، تىل ئۇسلۇبى، كونتېكىست، شارائىت قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ دەپ قارىدى. بۇ ماقالىدە يەنە ئوخشىتىشنىڭ سىستېمىچانلىقى، ئوخشىتىش سىستېمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ كېڭىيىشى، ھەمدە پەرقلىق نۇقتا ۋە ئوخشاشلىق نۇقتىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىش مەسىلىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالدى. ئومۇمەن، ۋاڭ شىجېنىڭ ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلمىسىنى بۇنداق ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرسىتىشى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

چەت ئەللەرنىڭ تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە ئوخشىتىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ماقالىلەردىن يەنە يۈەن يۈلىننىڭ «ئوخشىتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئالماشتۇرما ـ تۇغدۇرما تەتقىقاتى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» (《比喻结构的转换生成研究初探》) ناملىق ماقالىسى بار. ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن ئوخشىتىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ماقالىلەردىن بىر قەدەر تەسىرگە ئىگىلىرىدىن خەن يۈمىننىڭ «ئوخشىتىشنىڭ ئېستېتىك قاتلىمى» (《比喻的审美层次》)، تيەن لىجىننىڭ «خەنزۇ تىلىدىكى ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىكى تەبىئەت گۈزەللىكى ئېڭى» (《汉语比喻辞格中的自然美意识》) قاتارلىقلار بار.

(5) يېڭى ئوخشىتىش تۈرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ يېڭى دەۋر ئوخشىتىش تەتقىقاتىدىكى بىر مۇھىم يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

بەزى ئوخشىتىش تۈرلىرى گەرچە خېلى زامانلار ئىلگىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن تونۇش ۋە تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇر بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن نەزەرىيە جەھەتتىن يەكۈنلەنمىگەن ئىدى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەۋردە تەتقىقات چوڭقۇرلىشىپ، نۇرغۇن يېڭى تۈرلەر بايقالدى، نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلاشتۇرۇلدى

ۋاڭ شىخۋا ئەپەندى «چېكىنمە ئوخشىتىش توغرىسىدا» (《"倒喻"说》) ناملىق ماقالىسىدا ئەسلىدە « A شەيئى B شەيئىگە ئوخشايدۇ » دېمەكچى بولسىمۇ، لېكىن شەكىل جەھەتتە ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىتىلغۇچىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ « B شەيئىگە A شەيئى ئوخشايدۇ » بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئوخشىتىش تۈرى — چېكىنمە ئوخشىتىش ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرنى سىستېمىلاشتۇردى. يۈەن يۈلىن «كېلىشمە ئوخشىتىش ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» (《"约喻"浅论》) ناملىق ماقالىسىدا، بىرقانچە ئوخشالغۇچىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئوخشىتىلغۇچى ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان ئوخشىتىش تۈرى كېلىشمە ئوخشىتىشنى ئىزاھلىدى. مياۋ شۇشېڭ، لى ۋېنمىڭ قاتارلىقلار «ئوخشىتىش ۋە تىركەشنىڭ «شالغۇتى» قوش ۋەزىپىلىك ئوخشىتىش» (《比喻和顶真的"混血儿"兼喻》) ناملىق ماقالىسىدا « A شەيئى B غا ئوخشايدۇ، B شەيئى C غا ئوخشايدۇ.» شەكلىدىكى قوش ۋەزىپىلىك ئوخشىتىشنى شەرھلىدى. خەن جىڭخۇا « ئوخشىتىشنىڭ يېڭى تۈرى — يىنھان ئوخشىتىش» ناملىق ماقالىسىدا، پەقەت ئوخشالغۇچىلا كۆرۈنۈپ، ئوخشىتىلغۇچى يىنھان كەلگەن، ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر پېئىل كۆرۈنىدىغان ئوخشىتىش شەكلى يىنھان ئوخشىتىشنى ئىزاھلىدى.

بۇ دەۋردە مەخسۇس ئوخشىتىش ھەققىدە بىرقانچە پارچە ئەسەر مەيدانغا كەلدى:

يۈەن خۈيىنىڭ «ئوخشىتىش» ناملىق ئەسىرى: ئۇ «ئوخشىتىش ئوخشاتماق دېمەكتۇر»، يەنى « B شەيئى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئوخشاشلىق نۇقتىسى بولغان A شەيئىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدىن ئىبارەت » دەپ تەبىر بەردى.

ئاپتور بۇ كىتابتا بەش خىل ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى: ① تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى، ئۇ ئىپنىق ئوخشىتىشنىڭ تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى، سىلىشتۇرما ئوخشىتىشنىڭ تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى، يوشۇرۇن ئوخشىتىشنىڭ تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى، نەقىللىق ئوخشىتىشنىڭ تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② ئىنكار شەكلى. ③ تەكرار ئوخشىتىش شەكلى. ④ چاتما شەكىل: ئۇلانما شەكىل ۋە بۆلۈنمە شەكىل (承接式: 连贯比喻、分承比喻) دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ⑤ قاتلاملىق شەكىل. يەنى چوڭ ئوخشىتىشنىڭ ئىچىدە كىچىك ئوخشىتىش بار بولغان شەكىل بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئىبلىش شەكلى ۋە شاخلانما شەكىل (包孕式: 包括性、分蘖性) گە بۆلىنىدۇ.

جاڭ مىڭگاڭنىڭ «ئوخشىتىش ساۋاتى» (《比喻常识》) ناملىق ئەسىرى: بۇ كىتابتا، ئوخشىتىش ھەققىدىكى ئادەتتىكى ساۋات، يەنى ئوخشىتىشنىڭ نېمىلىكى، ئوخشىتىشنىڭ تارىخى، رولى، قوللىنىش تەلىپى: ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى، يەنى ئاساسلىق تۈرلەردىن باشقا، ئوخشىتىشنىڭ نەقىللىق ئوخشىتىش، تولۇقلىما ئوخشىتىش، تەكىتلىمە ئوخشىتىش، چېكىنمە ئوخشىتىش دېگەندەك ئۆزگەرمە شەكىللىرى: تۈر ئوخشىتىش، كۆپ ئوخشىتىش، ماسلاشتۇرما ئوخشىتىش، كېسىشمە ئوخشىتىش، ئەمەس ئوخشىتىش، ئۇلانما ئوخشىتىش، ئىنكار ئوخشىتىش، ئايلانما ئوخشىتىش، ھەجۋىي ئوخشىتىش، تەمسىل ئوخشىتىش، ئوخشاتما پاكىت قاتارلىق ئالاھىدە شەكىللىرى: بىرلەشمە شەكىللىك ئوخشىتىش، ئۆز ئارا ئوخشىتىش، قاتلاملىق ئوخشىتىش، تەھلىللىك ئوخشىتىش قاتارلىق مۇرەككەپ قۇرۇلما شەكىللىرى ئۇستىدە تەھلىل يۈرگۈزدى. ئوخشىتىش بىلەن تۈرمۇش، تىل - ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئوخشىتىشنىڭ باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىزاھلىدى، چەت ئەللەرنىڭ ئارستوتېلدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئوخشىتىش تەلىماتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

لى جىجۇڭنىڭ «ئوخشىتىش نەزەرىيىسى» (《比喻论析》) ناملىق ئەسىرى: بۇ كىتابتا، ئاپتور ئوخشىتىش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە، ئوخشىتىشنىڭ ئاساسى، ئىستىلىستىكىلىق رولى، تەركىبى، تۈرلىرى، جانلىق قوللىنىش شەكىللىرى، باشقا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىۋېرسال قوللىنىش، ئوخشىتىش ۋە سۆز قۇرۇلمىسى، ئوخشىتىش ۋە ئومۇمىي قۇرۇلما، ئوخشىتىش ۋە تىل ئۇسلۇبى (语体)، ئوخشىتىش ۋە ئۇسلۇب (风格)، ئوخشىتىشنى قوللانغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار، ئوخشىتىشلارنى پەرقلەندۈرۈش، ئوخشىتىش تەتقىقات تارىخى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختالغان.

بۇ دەۋردە يەنە مەخسۇس ئوخشىغۇچى ھەققىدە، ئوخشىتىشنىڭ قۇرۇلما ئامىللىرى ھەققىدە، ئوخشىتىشنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى، يەنى ئوخشىتىش ۋە مەدەنىيەت، ئوخشىتىش ۋە تەپەككۇر، ئوخشىتىش ۋە تىل ئۇسلۇبى، ژانىر قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلدى.

يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان بىر قىسىم ئىستىلىستىكىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەردىمۇ ئوخشىتىشلار ھەققىدە يەنە نۇرغۇن يېڭىچە كۆزقاراشلار بايان قىلىندى. مەسىلەن، 2001-يىلى شاڭخەي چەت ئەل تىلى مائارىپى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋاڭ دىچۈننىڭ «ھازىرقى زامان ئىستىلىستىكىسى» (《现代修辞学》)، 2001-يىلى شاڭخەي چەت ئەل تىلى مائارىپى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان لى گونەننىڭ «ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ۋە سۆزلۈك» (《辞格与词汇》)، 2002-يىلى بىلىم نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋاڭ بىنخۇانىڭ «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسى» (《实用现代汉语修辞》)، 2002-يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان

لى چىڭروڭنىڭ «ھازىرقى زامان ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان خەنزۇ تىلى ئىستىلىستىكىسى» (《现代实用汉语修辞》)، چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلغان فەن ۋېنفاڭنىڭ «گراممatikىلىق مېتافورا نەزەرىيە تەتقىقاتى» قاتارلىقلار بار.

قىسقىسى، خەنزۇ تىلى ئوخشىتىش تەتقىقات تارىخى ۋە نۆۋەتتىكى تەتقىقات جەريانلىرىدا مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن نەزەرىيە، كۆزقاراشلار بار بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئۆلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# پايدىلانمىلار

1. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن لېكسىيىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
2. خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، ئەمەت نىياز: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى 1988 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى.
3. يولۋاس راشىدىن: «ئىستىلىستىكا ساۋاتى »، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ، 2002 ـ يىل 5 ـ ئاي بېسىلىشى.
4. ئارسلان ئابدۇللا، يولۋاس راشىدىن، پەرىدە ھامۇت، ئابدۇرېھىم راخمان، غېنى ئابدۇگۇل : «‹قۇتادغۇ بىلىك› ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
5. سەمەت تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى.
6. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.
7. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرايىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى.
8. «مەتىمەن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىن تاللانما» (1)، (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
9. ئەلىشىر نەۋائى: «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى.
10. ئەلىشىر نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 11 ـ ئاي.

11. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 8-ئاي 2- نەشرى.
12. قەمەردىن ئەھمەد: «ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن ئاساس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005-يىل 7-ئاي 1- نەشر 1- باسمىسى.
13. سەككاكى: «مەتلىئىيلئۇلۇم»، 10-باب «ئىلمىي مەئانى (مەنەلەر توغرىسىدىكى ئىلىم) ھەققىدە»، «يېڭى قاشتېشى»، 1983-يىل 3-سان، نەشرگە تەييارلىغۇچى: داموللا ئابدۇۋېلى يۈسۈپ.
14. ئارسلان ئابدۇللا: «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1993-يىل 3-سان.
15. ئارسلان ئابدۇللا: «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى ئوخشىتىشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1999-يىل 4-سان.
16. ئارسلان ئابدۇللا: «ئىستىلىستىكىنىڭ تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2001-يىل 2-سان.
17. ھەسەنجان ئابلىز: «نەۋائى قەلىمى يارىتىلغان فەرھاد ئوبرازىنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تولۇقلىما»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004-يىل 1-سان.
18. نىجات سوپى: «نەۋائى غەزەللىرىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى - سۆز ئويۇنى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2002-يىل 2-سان.
19. نىجات سوپى: «ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003-يىل 3-سان.
20. نىجات سوپى: «ئوخشىتىشنىڭ ئاساسلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2006-يىل 3-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سان.
21. نىجات سوپى: «ئوخشىتىشنىڭ باشقا بىر قىسىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006-يىل 3-سان.
22. نىجات سوپى: «ئۇيغۇر تىلى ئوخشىتىش تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007-يىل 1-سان.
23. نىجات سوپى: «ئوخشىتىشنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، « شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007-يىل 4-سان.

24. 陈望道：《修辞学发凡》上海知识出版社集团，上海教育出版社，2001 年 7 月 3 版。
25. 王德春、陈晨：《现代修辞学》上海外语教育出版社，2001 年 9 月 第一版 2002 年 12 月第二次印刷。
26. 《不列百科全书》（Encyclopedia International Chinese Edition），第十一、十五册，中国大百科全书出版社，2002 年，北京。
27. 冯广艺：《汉语比喻研究史》湖北教育出版社， 2002 年 4 月出版。
28. 谢祖钧：《新编英语修辞》中南大学出版社，2002 年 3 月出版。
29. 谢祖钧：《英语修辞》 机械工业出版社 1988 年 6 月出版。
30. 张明冈：《比喻常识》 北京出版社 1985 年 10 月出版。
31. 袁晖：《比喻》 安徽人民出版社 1982 年出版。

32．李济中：《比喻论析》　河北大学出版社　1995 年 10 月出版。

33．刘大为：《比喻、近喻与自喻 — 辞格的认知性研究》 上海教育出版社　2001 年 11 月出版。

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: شەمسىيە تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتور: خالمۇرات ئىمىن

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە تەتقىقات

نىجات سوپى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2008 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 6.625
سانى : 1500 ـ 0001
باھاسى : 10.00 يۈەن
978-7-105-09776-0/H. 679 (维 24)

责任编辑：夏木斯亚·吐尔孙
责任校对：哈尔木拉提·依明

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔语比喻研究：维吾尔文/尼加提·苏皮著. —北京：民族出版社，2008.12
ISBN 978-7-105-09776-0

Ⅰ.维... Ⅱ.尼... Ⅲ.维吾尔语（中国少数民族语言）—比喻—语义学—研究 Ⅳ.H215.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 188265 号

出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷有限公司
版　　次：2008 年 12 月第 1 版
　　　　　2008 年 12 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：6.625
印　　数：0001-1500 册
定　　价：10.00 元
　　　　　978-7-105-09776-0/H.679(维 24)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: **نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن**

ISBN 978-7-105-09776-0
9 787105 097760
定价：10.00 元